مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

# مەسنىۋىي خاراباتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز سابىت

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

[illegible]

[illegible]

# مثنوی [illegible]

[illegible]

ЛИТ. ЯКОВЛЕВА



## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئۇيغۇر ئالىمى، تالانتلىق شائىر مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى (1638 - يىللى) غىنجاڭ ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ چوغتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ، 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى (1730 - يىللى) ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. خاراباتى — ئۇنىڭ تەخەللۇسى.

«ھاجى خاراباتى تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلار بىلەن پىشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، شائىر مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى ئاقسۇ ۋە بۇخارادا بىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىن ئۆز يۇرتىدا ئىمام، مۇدەررىس بولغان. قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئەدەبى شەكىلدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، شەخسىيەتچى، ئالدامچى - مەككار، رىياگەر ئىشان - شەيخ، نادان ئەخماق سوپىلارنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىپ سۆككەن؛ سەممى، سادىق، مەرىپەتپەرۋەر ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنى ماختىغان. ئاۋام خەلقنى نادانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئىلىم - مەرىپەت يولىغا مېڭىشقا دالالەت قىلغان. لېكىن، كىشىلىك ئەخلاقى ئومۇمى يۈزلۈك بۇزۇلۇشقا باشلىغان، ئاۋام خەلق نادانلىق، جاھىللىق پاتقىقىغا پاتقان؛ نەپسانىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، تاماخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، شۆھرەتپەرەست - ماختانچاقلىق، غەممازلىق، ئادالەتسىزلىك... قاتارلىق ئىللەتلەر راسا ئەۋج ئالغان ئىجتىمائى شارائىت — شائىرنى ئۆزى قارشى

تۇرغان مەزھەپ - گۇرۇھلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئامالسىز قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز بىساتىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، بىرقىسمىنى كەمبەغەل، ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارغا بېرىۋېتىپ، مەككىگە بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ يەردىن ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئىلىم - مەرىپەت، تەرغىبات، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بىۋاپا، تەتۈر زاماندىكى شەپقەتسىز تۇرمۇشتا چېكىدىن ئاشقان دەرت - ئەلەم، زۇلۇم - ستەم ئىلكىدە ياشاپ 29 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ يېزىپ قالدۇرغان مۇبارەك ئەسەر — «مەسنىۋى خاراباتى» قەدىرلىنىپ، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلۈپ، ئەل ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۆز ئالىمىنىڭ پاك قەلبىنى، ساغلام ھىسسىياتىنى، ئۇلۇغ ئارزۇ - ئىستىكىنى چۈشەنگەن خەلق شائىرنىڭ ھۆرمەت خاتىرىسى ئۈچۈن ھەيۋەتلىك «ھاجى خاراباتى مەقبەرىسى» بىلەن «ھاجى خاراباتى خانىقاسى» نى ياساپ چىققان. تا ھازىرغىچە بۇ جاي ئىلىم - مەرىپەتكە ھېرىسمەن ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىلىم مۇتالىئە قىلىدىغان، تۇرلۇك دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان، خاتىرىلەش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالىمنى سېغىنىپ ئەسلەيدىغان مەيدان بولۇپ كەلمەكتە.

شائىر ھاياتىدا 13 مىڭ مىسىرغا يېقىن قىممەتلىك شېئىر يېزىپ قالدۇردى. بۇ شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغانلىقتىن، ئەينى يىللىرى «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى» دېگەن نام بىلەن بىر دىۋان (توپلام) قىلىپ كۆچۈرۈلۈپ ئەل ئىچىگە تارقىغان، ھەتتا چەتئەللەردە «مەسنىۋى خاراباتى»، «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى» (بۇ ئىككى كىتاپ ئۈچكى

قۇرۇلۇش جەھەتتە تامامەن ئوخشاش) دىگەن نامدا ئارقا - ئارقىدىن مەتبەدە بېسىپ تارقىتىلغان.

كىتابىنىڭ ئەل ئارىسىدا مۇنچىۋالا شان - شۆھرەت قازىنىپ، كىشىلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، كۆز قارچۇغىدەك قەدىرلەپ ساقلايدىغان گۆھەرگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزلىگىنىمىزدە، شائىرنىڭ بۇزۇلغان كىشىلىك ئەخلاقىنى ئوڭشاپ توغرا يولغا سېلىش، ئىلىم - مەرىپەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، مىللەتنى، ئەلنى روناق تاپتۇرۇش يولىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىز شائىرغا ۋە شائىرنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بەرگىنىمىزدە، ئاپتورنىڭ ياشىغان دەۋرى، شەخسەن ئەقىدىسىنى ھېساپقا ئالماي تۇرالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە خېلى كۆپ ئەسەرلىرىنىڭ ھېلىمۇ زور ئىجتىمائىي قىممەتكە، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىمىز.

«مەسنەۋى خاراباتى» نى قىسقارتىپ نەشرگە تەييارلاشتا، شائىرنىڭ ھاياتى، ئەسىرى بىلەن تونۇشۇش، شائىرنىڭ يۇرتىنى ئېنىقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ ئىزدىنىشلەردە بولدۇم، ئاخىرى خاراباتىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان، 52 ياشلىق نۇرانىخان ئاچىنى تاپتىم. ئەۋلادى شەيخلەر، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كىتابنىڭ بۇ نەشر نۇسخىسىدا بەزى سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1982 - يىل، ئاقسۇ

مۇندەرىجە


بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم ............................ 1
نەئتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ...... 18
دەر بايان دىل ئازارى ........................... 29
دەر بايان ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى ...................... 31
دەر بايان سالىھ ۋە مۇنافىق ......................... 36
خاسىيەتى ئىستىغفار ................................ 38
بۇ پەسىلدە كەم يېمەك خاسىيىتىنى ئەيتۇر ........... 40
بۇ پەسىلدە ئىشارەتى ئەھلى ئىمان ۋە بى ئىماننى ئەيتۇر... 43
دەر بايان نەسىھەتى نىك ۋە بەد ..................... 45
دەر بايان سەبىر ۋە بى سەبىرلەر ..................... 48
ئەھلى دۇنيالار سۆھبىتى بايانىدە ..................... 52
دەر بايان خىزمىتى پىر ۋە ھەققى ھەمسايە ........... 54
دەر بايان فەزىلەتى ئۇجزە ۋە تاھارەت ................ 58
دەر بايان ئاگاھلىق ۋە راھى راستلىق ............... 59
بۇ پەسىل ياخشى ئەئمالغە تەكىيە قىلماسلىق ۋە رەھ-
مەتى ھەقتىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك بايانىدا ......... 62
دەر بايان تەمە قىلماق ۋە يېڭى بايدىن قەرز ئالماق... 64
دەر بايان تەبىب ھازىق مەسەل جانەست .............. 67
دەر بايان فەزىلەتى فەرا يېزىھا ..................... 69
دەر بايان فەزىلەتى ئۆلۈما ........................ 72

بۇ پەسىلدە كۆپ سۆزلەمەكنىڭ تەبەئلىكىنى ئەيتۇر ... 76

بۇ پەسىلدە پادشاھ ئادىل ۋە زالىملارنى ئەيتۇر ...... 77

دەر بايان نىيەتى دىھقان ........................ 79

دەر بايان ئەھۋالى كاسىب ........................ 82

دەر بايان ئادەمشۇناسلىق ........................ 84

دەر بايان كاساپەتى مالى ھارام ........................ 86

دەر بايان شەراپەتى مالى ھالال ........................ 89

دەر بايان فەزىلەتى نىيەت ........................ 90

ئەھۋالى شەيخنى ئىمتىياز قىلماق بايانىدە ........................ 92

دەر بايان ئەھۋالى سوفى ئامى ........................ 96

دەر بايان نەفسى بەد ........................ 99

بۇ پەسىلدە جۇملەئى زىجانلار سەپەر قىلماقنى ئەيتۇر... 102

دەر بايان نەفسى كەبىر ۋە نەفسى سەغىر ........................ 105

بۇ پەسىلدە بارچە شەيئىنى ئۆزىدىن ياخشى بىلمەك-
نىنىڭ بايانى ........................ 109

دەر بايان ئىلمى لەدۇن ........................ 114

دەر بايان غەرىب ........................ 119

دەر بايان سىللە رەھىم ........................ 119

ھىكايەت ........................ 123

ھىكايەت ........................ 126

بۇ پەسىلدە گۆرۈگەر ۋە بەد ئەندىشەلەرنى ئەيتۇر ... 130

ھىكايەت ........................ 131

بۇ پەسىلدە شائىر ۋە ئىلمى لەدۇن فەيزى ئىلاھىدۇر،
ئانى ئەيتۇر ........................ 135

بۇ پەسىلدە جاھان بىۋاپانى ئەيتۇر ........................ 137

بۇ پەسلدە ئشقنى ئەيتۇر ........................ 142
بۇ پەسلدە زۆھدە ۋە تەقۋانى ئەيتۇر ................ 146
بۇ پەسلدە دۇنيايى مەككار ۋە پۇر ئەييارنى ئەيتۇر... 152
بۇ پەسلدە دن پۇرۇش ۋە دۇنيا تەلەب ۋە شەيخى
زەر تەلەبلەرنى ئەيتۇر ............................ 158
ھكايەت ........................................... 160
ھكايەت ........................................... 166
بۇ پەسلدە خەشملغدە ئماننى يوق قلماق بايانى... 168
بۇ پەسلدە ئۆز نەفسى بلرلە جەڭ قلماقنڭ بايانىنى
ئەيتۇر ........................................... 175
بۇ پەسلدە ئسقاتلار ئەھۋالنى ئەيتۇر ............ 178
بۇ پەسلدە ئۆمرنڭ چۇست بلە ئۆتمەك بايانى ... 189
بۇ پەسلدە ئارفلار مەئرپتنڭ بايانى .......... 194
بۇ پەسلدە فەزلەتى مهماننى ئەيتۇر ............. 202
بۇ پەسلدە ئشقباز نادانلارنى ئەيتۇر ............ 207
بۇ پەسلدە ئەقلى كۆللى ۋە ئەقلى جۇزۋىنى ئەيتۇر ........ 215
بۇ پەسلدە ئشق بلرلە نەفسنى ئەيتۇر .............. 224
بۇ پەسلدە كۆز ئاچب بر رەھبەرنى ئزلەمەكنى
ئەيتۇر ........................................... 232
بۇ پەسلدە مۇھەببەتنڭ مەستلكنى ئەيتۇر ......... 238
بۇ پەسل خاتمەدە تارىخ بايان قلنۇر ............. 244

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم ①

ئەيتايىن ھەمدە ② ئۇنى ئەي يەزدانى پاك③،
ئىچتىلەر خۇن④ى جىگەر مەردانى پاك.

خالىقا ⑤ خەلقىڭنى كۆردۈم بىئەدەد⑥،
ھىچنىمە يوقتۇر سىنىڭدىك بى مەدەد.

سىنىڭ زاتىڭ تەسەۋۋۇردىن مۇنەززە ⑦،
سىماۋات⑧ىڭ تەسەلسۇل⑨دىن مۇنەززە.

---

① بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم — بۇ كىتاۋىمنى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.
② ھەمدە — مەدھىيە، ماختاش.
③ يەزدانى پاك — پاك، يېگانە خۇدا.
④ خۇن — قان.
⑤ خالىقا — ئەي ياراتقۇچى ئاللا.
⑥ بىئەدەد — ھېساپسىز، سانسىز.
⑦ مۇنەززە — پاك، خالى.
⑧ ساماۋات — ئاسمان، كائىنات.
⑨ تەسەلسۇل — چېتىلغان، باغلىنىشلىق.

ياخشى سۈرەت بىرلە ئادەم ئەيلەدىڭ،
ئەتمانى ئادەمگە ھەمدەم ئەيلەدىڭ.

دانەنى ئادەمگە سەن دام① ئەيلەدىڭ،
نەفسنى ئول دانەغە رام ئەيلەدىڭ.

دۇنيادا ئادەمنى بۇنياد② ئەيلەدىڭ،
لەززەتى دۇنيا بىلەن شاد ئەيلەدىڭ.

ئاقىبەت ئول دانەغە بولدى راۋان،
كېلدى بۇ ئالەمغە ئادەم شول زامان.

بولدى ئادەمغە جاھان ماتەمسەرا③،
كۆردى تۈن - كۈن مېھنەتۇ جەۋرۇ جاپا.

بولدى بۇ ماتەمسەرا ئىچرە مادام ④،
يىغلادى فىرقەت⑤تە ئۈچيۈز يىل تامام.

---

① دام — قىلتاق، تۇزاق، قاپقان.
② بۇنياد — پەيدا قىلمىش، ياراتمىش.
③ سەرا — ماكان.
④ مادام — ھەمىشە، داۋاملىق.
⑤ فىرقەت — ئايرىلمىش.

ئەناسىر① دىن تىلسىمسەن ئادىمىزاد،
بىراۋنى دىۋىدەك، بىرنى پەرىزاد.

فەلەك تۈگرۈكسىزۇ ئۈستۈن تانابسىز،
بەنا قىلدىڭ ئىككى ئالەم شىتابسىز.

قىلىپ ئەستارەنى ② زىننەت فەلەككە،
يورۇتۇپ تۈن ئىچىندە «كۆر» دىمەككە.

قىلىپ نىئمەتنى سەن يەردىن فاراۋان،
ئەنى يەر ئادەملەر شادۇ خەندان.

نىچەكىم ئۆزگەلەرغە ئۇرسەلەر دىم،
ئانىڭ رىزقىنى ھەرگىز قىلمىدىڭ كەم.

ھەمە زىجانغا بەردىڭ نىئمەتىڭنى،
نەسار③ ئەت ئادەمىغە رەھمىتىڭنى.

پادىشاھا تۈنۈ كۈن يەكسان ساڭا،
بەندەنى ئەفۋەيلەمەك ئاسان ساڭا.

جان قۇشى جەننەتكە پەرۋاز ئەيلەگەي،
تىل سىنىڭ ھەمدىڭدىن ئاغاز ④ ئەيلەگەي.

---

① ئەناسىر — سۇ، ئوت، شامال، تۇپراق.
② ئەستارەنى — يۇلتۇزلار.
③ نەسار — بېغىشلاش.
④ ئاغاز — باشلاش.

بىراۋلارنى قىلبىسەن ئەھلى ئاقىل،
بىراۋلارنى قىلبىسەن ئەھلى غافىل.

بىرىبىسەن تاجۇ خىلئەت پادىشاغە،
بىرىبىسەن رەنجۇ مىھنەتنى گەداغە.

قىلىبسەن ئەنبىيا ① دىن ئەتقىيا ② نى،
قىلىبسەن ئەتقىيادىن ئەۋلىيا ③ نى.

قالىبدۇر غەفلەت ئىچرە ئادەمزاد،
كىشى يوقتۇر جاھاندا غەمدىن ئازاد.

قىلىبسەن بىرنى گۈنگۈ ④ بىرنى گويا ⑤،
قىلىبسەن بىرنى لەنگۈ ⑥ بىرنى بابا ⑦.

بىرى سەھتۇ سالامەت شادۇ خەندان،
بىرى غەم ئىچرەدۇر گوياكى زىندان.

بىرى تەخت ئۈزرە دائىم خۇسرەۋانە ⑧،
بىرى دەشت ئۈزرە يۈرگەي ئاھۇۋانە.

---

① ئەنبىيا — پەيغەمبەرلەر.
② ئەتقىيا — تەقۋالار.
③ ئەۋلىيا — خۇدانىڭ دوستلىرى.
④ گۈنگۈ — گاچا.
⑤ گويا — سۆزلەيدىغان، سۆزمەن.
⑥ لەنگۈ — توكا، ئاقساق.
⑦ بابا — پۇتى بار، ساغلام.
⑧ خۇسرەۋانە — شاھانە.

تەقدىرىڭ مۇنداق ئىكەن پەرۋەردىگار،
تەدبىرىڭ ئانداغ ئىكەن ئەي كىردىگار①.

ئەھلى ئاقىلغە جاھان مىھنەت دۇرۇر،
ئەھلى غافىل②غە جاھان راھەت دۇرۇر.

بولغاي ئاقىلغە جاھان زىندان سەرا،
كېلگۇسىدۇر باشىغە چەندان بالا.

خاراباتى بۇ كۆن ۋەيرانەلىكتە،
قالىبدۇر غەم بىرلە ھەيرانلىكتە.

پادىشاھا يوقتۇرھىچ پىنھان ساڭا،
زاھىرو باتىن ھەمە ئەئيان ساڭا.

كىشى زاتىڭغا قىلماسلار تەكەللۇم،
كىشى بى ئەقىلدۇر قىلغاي تەبەسسۇم.

بىلىڭكىم ئادەمىدۇر ئەھسەنى ③ خەلق،
بولۇبدۇر فىسق ④ ئىچرە ئادەمى غەرق.

---

① كىردىگار — قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق.

② غافىل — بىخۇت، غەفلەت باسقان.

③ ئەھسەنى — گۈزەل، چىرايلىق، ياخشى.

④ فىسق — گۇنا، بويۇنتاۋلىق قىلمىش.

يەنە غايەبغە ئەللامۇل غۇيۇب ① سەن،
قۇلۇڭ ئەيەبمگە سەتتارۇل ئۇيۇب② سەن.

يەنە ئاسىغە غەففارۇل زۇنۇبسەن③،
كەرە كۆڭلۈمغە كەشّافۇل قۇلۇبسەن④.

ھېممشە راست يولغا كوروكەر⑤مەن،
كى بۇ باغدا دەرەختى بىسەمەر⑥مەن.

نە ھەددىم بار سېنىڭدىن ئۆرغايمەن دەم،
كىمم بار ئۇشبۇ يولدە يولغا ھەمدەم.

مەن نەلايىق ھەمدە ئەيتالغۇم ساڭا،
ئەفزەلو خەلق ئېيدې لا ئوھسى سەنا⑦.

يۈرەك يۈز يەردە ئىسياندىن جاراھەت،
خاراباتىغە قىل لوتفۇ ئىنايەت.

---

① ئەللامۇل غۇيۇب — ھەقىقى بىلگۈچى.
② سەتتارۇل ئۇيۇب — ئەيىپنى ياپقۇچى.
③ غەففارۇل زۇنۇب — گۇنادىن ئۆتكۈچى.
④ كەشّافۇل قۇلۇب — دىلنى ئاچقۇچى.
⑤ كوروكەر — قارىغۇ - كاس.
⑥ بى سەمەر — مېۋە سىز.
⑦ لائوھسى سەنا — ساڭا لايىق مەدھىيە ئېيتالمايمەن.

ھەر ئىش قىلساڭ ئانى يوقتۇر ۋەزىرلىك،
ھەمە مەخلۇقغە باردۇر نەزىرلىك.

خاراباتى دېگىل شۈكرىنى بىسيار①،
تۈنۈ كۈن ئىچرە قىل زىكرىنى بىسيار.

پادىشاھا مۈشكۈلۈم ئاسان ساڭا،
مەندە ئىسيان بولسە يوق نۇقسان ساڭا.

يۇمۇپ ئاچقۇنچە كۆز پەيدا قىلۇرسەن،
ئاچىپ يۇمغۇنچە ناپەيدا قىلۇرسەن.

چىقاردىڭ ئەيسايۇ ئىدرىس ھاۋاغە،
كېتۈردىڭ قارۇننى تەھتەس سەراغە.

بىرى ھەشەمەت بىلە گويا سۈلايمان،
بىرىسەن بىرىگە مېھنەتنى فاراۋان.

سەن ئوق② سېن ئىككى ئالەمنى خۇدايى،
قىلاي ئەمدى ساڭا جاننى فىدايى.

سېنىڭ ھەمدىڭ تەمامىن دېسە بولمەس،
سېنىڭ خەلقىڭ تەمامىن بىلسە بولمەس.

---

① بىسيار — كۆپ، جىق.
② ئوق — ئېنىق بىسىق.

يىدىم چەندان سېنىڭ نېمەتىڭنى،
نە قىلدىم بىر ياراشۇر تائەتىڭنى.

ھېمىشە مەست - لايەئقەل يۈرۈپ مەن،
ھېمىشە بىخەبەر غافىل يۈرۈپمەن.

نېچە يىل تۈنۈ كۈن ھەيرانەلىكدە،
يۈرۈپمەن جەۋرىلىك ۋەيرانىلىكتە.

نە قىلدىم ئۆمىر ئارامەن بەندەلىكنى،
ھەمە قىلدىم يەنە شەرمەندەلىكنى.

نە ئەھۋال باردۇر مەندە نە قۇۋۋەت،
نە ئەئمال باردۇر مەندە نە قۇدرەت.

نە زىكرۇ پىكىر بار، نە ياخشى ئاھىم،
سېنىڭ لوتفۇڭغا كۆز تۇتدۇم ئىلاھىم.

خاراباتى بۇگۈن فەرياد ئېتەلمەس،
نە پىكرۇ زىكىر ئىلە بىرياد ئېتەلمەس.

پادىشاھا بۇ قۇلۇڭ لايىق ئېمەس،
ھەمدىڭ ئېيتۇرغە كۆڭۈل سادىق ئېمەس.

مېنى قىلدىڭ ئەدەمدىن مۇندا پەيدا،
كۆڭۈلنى قىل ئۆزۈڭگە ئېمدى شەيدا.

پادىشاھا ھەستامغىم تاراج قىل،
ھەستىلىك دەۋاسىدىن ئىخراج قىل.

بىرو بارسەن ئىككى ئالەمدە دانا،
ھەمە پىنھان قاشىڭدە ئاشكارا.

قىلىبدۇرمەن ئىنايىتىڭدىن ئۈمىد،
مېنى قىلغىل ھىمايىتىڭدە جاۋىد.

ھەمدىڭە ئاغزىم، تىلىم ناپاكدۇر،
رەھمىتىڭ دەرياسىغا خاشاكدۇر.

ساڭا يوقتۇر مېنىڭ تۆھفەم ئىلاھىم،
كى سەندىن ئۆزگە ھەرگىز يوق پاناھىم.

فىسق ئىلە ئۆمرۈم تۈگەندى بىلمادىم،
بىر قەدەم ئەمرىڭغە ھەرگىز قويمادىم.

تۈنۈ كۈن چەندانكى قىلدىم شادلا،
قىلمادىم بىر ئاھى ۋە پەريادلار.

سېنىڭ ئەمرىڭ قويۇپ بولدۇم تىبەكار①،
تىلىم ئىسيان قىلىپ بولدۇم گۇنەكار.

---

① تىبەكار — يامان ئادەم، بۇزغۇنچى.

سەن ئوقسەن ئىككى ئالەمنىڭ كى شاھى،
سەن ئوقسەن بارچەنى پۇشتى پاناھى.

خاراباتنىڭ ئەگەرچە بى ئەمەلدۇر،
دۇناجاتى ئانى يا بىمەھەلدۇر.

پادىشاھا سەندىن ئۆزگە يوق كەمىم،
بارچەگە غەمخارسەن يوق ھەمدەمىم.

مۇسافىرمەن كەمىم يوق قىلغىل ئىلفەت،
كى ئىسيان مەندە كۆبدۈر سەندە رەھمەت.

نەچە پىكىر ئەيلەسەم دۇر ئاخىرىم ھىچ،
بولۇبمەن غەم ئىچىدە پىچ دەر پىچ.

تەرەھھۇم ئەيلەبان بەرگىل ھىدايەت،
كەرەم دەرياسىدىن قىلغىل ئىنايەت.

ئەگەر سورساڭ مىنىڭدىن ياخشى كەردار،
تۇرارمەن تەلمۇرۇب ئالدىڭدە بىسيار.

سىنى مەن قىلمىدىم كۆڭلۈم ئارا ياد،
مىنى ھەم قىلمىدىڭ سەن غەمدىن ئازاد.

ئۈمىد ئۈزمەك سىنىڭدىن يوقدۇر ئەسلا،
دىدىڭ: «لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتىللا»

ئەگەرچە مەندە بولسا كوھى ئىسيان،
ساڭا بولمەس ئىنىڭدىن زەررە نۇقسان.

نېچە پىكىر ئەيلەسام جۇملە خىيالات،
مەگەر لۇتفى ئەيلەسەڭ بولغاي ھىمايات.

سېنى بىلمەس جاھاندا ئىنسى جان يوق،
مۇنەززە سەن ساڭا كۇن، ماكان يوق.

نە قىلدىم مەن تىرىكلىكتە ئىتائات،
نە قىلدىم مەن يىگىتلىكتە ئىبادات.

سىفاتىڭدۇر سېنى سۇبھانى بۇرھان،
سېنى قىل روز مەھشەر شادى خەندان.

ئەگەر مۆئمىن مۇسۇلمان خاھى سابىر،
ئەگەر گەبرو جوھود خاھى كافىر.

رىزق ئۈچۈن ھەر جانىغە سەن - سەن كېفىل،
سەن ئىبرۇرسەن بارچىغە نېئمەل ۋەكىل①.

نە قىلدىم ئۆمىر ئارا بىر ياخشى تائەت،
قىلىبمەن تۇنۇ كۇن چەندان كاساپەت.

---

① نېئمەل ۋەكىل — كۆپايە قىلغۇچى ياخشى ۋەكىل.

نەمەن ھەمدىڭنى ئىپتىماق ئەي رەھىما،
كەرەملىك ئىككى ئالەم سەن كەرىما.

سېنىڭدىن بىر زامان نەۋمىد ئىمەسمەن،
ئۇلاردىك غەيرى ئول تەۋھىد ئىمەسمەن.

ئۆزۈڭغە لوتفى بىرلە ئاشىنا قىل،
كۆڭۈلنى ئۆز سەرىڭغە روشنا قىل.

ھەمە بىكەس زەئىفلەرغە رەفىق سەن،
يەنە بىچارەلەرغە مۇتتەھىق① سەن.

سېنىڭدىن ھېچكىم نەۋمىد ئىمەسدۇر،
سېنىڭسىز بۇ كۆڭۈل مەئمۇر ئىمەسدۇر.

سېنىڭ ئالدىڭدە قىل ۋە پىشە② يەكسان،
ساڭا فەرياد ھەم ئەندىشە يەكسان.

ئوتار غەفلەت بىلە ئۆمرۈم ھېمىشە،
ھەمە ئىسيانۇ فىسق ئىلكىمدە پىشە.

خاراباتى گۇناھى بولمادى كەم،
كەرەملىك پادىشا سەن، يوقتۇرۇر غەم.

---

① مۇتتەھىق — كۆيۈملۈك، ئامراق، ھەمرا.
② پىشە — پاشا.

مېنى شەرمەندە قىلغان نەفسى شەيتان،
ئىككى ئالەم سەن ئۇقدۇرۇر سەن نەگەھبان.

كەرىما كامكارا قادىرۇ ھەي،
پەنا بەرگىل ئۇلاردىن يۈز ئۆگۈرەي.

ساڭا دۈشمەن مېنىڭ ھەم دۈشمىنىمدۇر،
ساڭا مەھرەم مېنىڭ ھەم مەھرەمىمدۇر.

مېنى قىل دايىما غەم بىرلە غەمناك،
تەئەججۇب ئەيلاسۇن بۇ توققۇز ئەفلاك.

جاھان روشەنلىغى سەنسىز كېرەكمەس،
جاھاننى شەھلىغى سەنسىز كېرەكمەس.

خاراباتى ئۆزۈڭنى ئەيلە خامۇش،
جاھان ۋەسۋاسىنى قىلغىل فەرامۇش.

پادىشاھا تۈنۈ كۈن دەرماندە مەن،
فىسق ئىبلە ھەم جۈرملە ئىسياندە مەن.

خۇدايا قويماغىل ھەيرانەلىكدە،
تەقى خەلق ئىچرە ھەر ئەفسانەلىكدە.

ھەمە مەخلۇق ساڭا دۇر بەندىلىكتە،
قالىبمەن تىلمۈرۈپ شەرمەندەلىكدە.

پادىشاھا قىلماغىل مۇھتاج خەلق،
سەندىن ئۆزگە يوق ماڭا غەمخارى ھەق.

قۇدرىتىڭدىن مەن قىلاي چەندان كالام،
ۋاقىپ ئولسۇن ئۇشبۇ ئىشدىن خاسۇ ئام.

قىلدىڭ ئادەمغە دەمىدە روھنى،
ھەم نەجات توفاندىن ئەتتىڭ نوھنى.

قەھرىنى بەردىڭ ئوشول دەم بادغە،
تا سازاسىن بەردى قەۋمى ئادغە.

بەئزىغە لوتفوڭنى ئىزھار ئەيلەدىڭ،
ئول خەلىلغە ئوتنى گۈلزار ئەيلەدىڭ.

سەن ئىبرۇرسەن قادىر شامۇ سەھەر،
ئەيلەدىڭ لوت قەۋمىنى زىرو زەبەر.

ئەيلەدىڭ دەريادا فىرئوننى ھالاك،
بىر تىۋە تاشدىن چىقاردىڭ سەمەناك ①.

ئوق ئېتىپ نەمرود كىنايەت ئەيلەدى،
بىر پۇچۇق پاشە كىفايەت ئەيلەدى.

① سەمەناك — بوغاز.

پادىشاھا بارچىغە سەندىن مەدەد،
قۇدرىتىڭ بار ئىكى ئالەم بى مەدەد.

بى مەدەد بولماس سېنىڭدىن ھەر ھۆجۇد،
قىلمادى كەنئانغە، ھەرگىز نوھە سود.

بەندەگە سەن بولماساڭ ھادىئى راھ،
بولماغاي ئازەرغە ئىبراھىم پەناھ.

تېفل مەن ئامما جۇنۇن پىر - پىر ئېمەس،
ھادى سەن-سەن، يوق غېمىم بى پەر ئېمەس.

كۆڭۈلنى قىل خۇدايا ئېمدى خالى،
ساڭا مەئلۇمدۇر ھەرجان ئىشتىغالى.

خۇدايا ماسىۋىللادىن پەناھ بەر،
سېنى كىم ئىستەسە چەندان بەلا بەر.

كى تالىب بولمىغاي ھەرگىز فەرەھناك،
ھېمىشە بولسۇن ئول غەم بىرلە غەمناك.

كىشى قىلسە شىكايەت گەر بەلادىن،
ئاڭا رەھمەت نۆچۈك بولغاي خۇدادىن.

خۇدايا بارچىغە بەرسەڭ دەۋانى،
خاراباتىغە بەر چەندان بالانى.

ئول بىراۋغە گەنجۇ نىئمەتلەر بەرۇر،
ئول بىراۋغە رەنجۇ زەخمەتلەر بەرۇر.

تەختى بەختنى كىمگە بەرسە ئول چىقار،
ئول بەرى نان ۋەھمىدىن جانى چىقار.

يەتكۇزۇر ھەرجانغە قۇۋۋەت لايەموت،
لازەۋال، لاشەرىك، لايەموت.

ئول بىراۋغە بەردى يۇز ھەميانده پۇل،
بەرمەدى بىردىن تولا بەئزىغە پۇل.

بەردى ئىززەتنى بىراۋغە قىلدى شاھ،
بەردى مىننەتنى بىراۋ بولدى گەداھ.

بىرغە ئەتلەس، بىرغە كىمخاپ كەيدۇرۇر،
بىر يالاڭنى ئول تونۇرغە كىرگۇزۇر.

كۆز ئاچىب يۇمغۇنچە ئول پەيدا قىلۇر،
كۆز ئاچىب يۇمغۇنچە ناپەيدا قىلۇر.

ھازىرۇ نازىردۇر ئول لەياۋ ناھار،
كىمكى تەئرىز قىلسە بولغاي خارۇزار.

بى پەدەر پەرزەندنى ئول پەيدا قىلۇر،
تىئلىنى مەھد① ئىچرە ئول گويا قىلۇر.

---

① مەھد — بۆشۈك.

ئىككى ئالەم شاھى ساھىب ئىختىيار،
ھەييۇ قەييۇمۇ تەۋانا بىرۇ بار.

ھەمدە بەھەد ئول خودايى پاكغە،
جان بىرىبدۇرسەن بۇ موشت خاكغە.

بەندەغە تەڭرى ئىنايەت ئەيلەدى،
ئەقلى كۆلنى ھەم ھىدايەت ئەيلەدى.

بىلگەيمەن بىر باسروقدۇر تاغۇ قۇم،
قىلدى داۋۇد ئىلكىدە تۆمۈرنى موم.

قىلدى داۋۇد ئوغلىنى ئول سەرۋەرى،
ھەم مەتىئ قىلدى ئاڭا دىۋۇ پەرى.

قىلدى سابىر جىسمىنى قۇرتلارغە قۇت،
قىلدى فەرمان ھوتغە يۇنۇسنى يۇت.

ئەيلەدى يۇسۇبنى چاھغە موبتىلا،
ئاقىبەت قىلدى ئانى مىسرغە شاھ.

ئەيلەدى مەريەمنى مەردى، مەردى ھەق،
كەلدى جەننەتتىن ئاڭا نۇرى تەبەق.

قويدى بىرنى باشغە بىر ئاررە كاج،
قويدى- بىرنى باشغە ئول قۇببە تاج.

ئەنبىيالار قەۋم ئىرۇر ئول بىر ئىمام،
پەرقىنى مۇنداغ بىلىنك ئەي خاسۇ ئام.

نەفەلەك توققۇز قەدەم مىئراج ئاڭا،
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا مۇھتاج ئاڭا.

چۈن ۋۇجۇدى رەھمەتەن لىل ئالەمىن[1]،
سەجدە گاھ بولدى ئاڭا رويى زەمىن.

يارۇ ياۋەر[2] دۇر ئابا بەكرۇ ئۆمەر[3]،
ھەم ئىشارەت قىلدى شەق[4] بولدى قەمەر.

ئول بىرى تاغ ئىچرە ھەمراھ بولدىلار،
ئول بىرى كۇفر ئەھلىغە تىغ ئۇردىلار.

تۇنۇ كۈن ھەمراھى ئوسمانۇ ئەلى
تاپتى شۆھرەت ئالەم ئىچرە ئول ۋەلى[5].

ئول بىرى كانى ھەيا ۋە ھىلمدۇر،
ئول بىرى كانى سەفا[6] ۋە ئىلمدۇ.

---

[1] رەھمەتەن لىل ئالەمىن — ئالەم ئۈچۈن رەھمەت.
[2] يارۇ ياۋەر — ھەمرا، ياردەملەشكۈچى.
[3] ئابابەكرى، ئۆمەر — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ يارەنلىرى.
[4] شەق — يېرىلغان.
[5] ۋەلى — خۇدانىڭ دوستى.
[6] كانى سەفا — پاكلىقنىڭ كانى.

يۈزمىڭ يىللىق ئۆلۈكنى تىر گۈزۈر،
ھەقدىن ئۆزگە ئۇشبۇ ئىشنى كىم قىلۇر؟

بۇ قۇرۇق يەردىن گىيالار ئۈندۈرۈر،
ئاسمانلار ئىچرە يۇلدۇز بىلگۈرۈر.

ھەر نە قىلسا قىلغۇسى يوقتۇر شەرىك،
جۇملە جاندارى ئۆلەر قالماس تەرىك.

ئەي خاراباتى كى فەرياد ئەيلەگىل،
كۆللى شەيئى ھالىكۇن ياد ئەيلەگىل.

## نەئتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم①

ئەيلەيىن نەئتى رەسۇلغە جان فىدا،
ئەنبىيالارغە مۇھەممەد رەھنەما②

ئەنبىيالار كەۋكەب③ ئول شەمسۇ④ قەمەر⑤،
ئەنبىيالار بىر سەدەف، ئول بىر گۆھەر.

① مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە.
② رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى.
③ كەۋكەب — يۇلتۇز.
④ شەمس — قۇياش.
⑤ قەمەر — ئاي.

ئۇل ئىماملاركى قىلادى جان فىدا،
بولدى خۇشنۇد ئۇل خۇدا ھەم مۇستەفا.

بۇ ھەنەفەدۇر ئىمامى باسەفا،
ھەم چىراغى ئۈممەتانى مۇستەفا.

ھەمراھى ئۇل يۇسۇفى قازى دۇرۇر،
ھەم مۇھەممەددىن خۇدا رازى دۇرۇر.

شافىئى سەردار مالىك بازۇفەر،
تاپتى ئاندىن دىنى ئەھمەد بالۇفەر.

ھەقتەئەلاغە يېقىندۇر جانلارى،
شاھى دۇر ئىككى جاھان شاگىردلارى.

ئۆشبۇلارنى روھىنى سەن شاد قىل،
فاتىھە ۋە ئىخلاس بىرلە ياد قىل.

يارەبا رەھىم ئەتمەسەڭ مەن نىلا كۆچ،
مەن گۇناكارىڭنى سەن ئەفۇ ئەيلا گۆچ.

ئايۇ يىل فىسق ئىچرە ئىسيان قىلدىما،
ئاخىرى ئاندىن پۇشايمان قىلدىما.

بى گۇنە ئۆۋۇر ئۆتمەدى بىر سائىتى،
قىلمىدىم كۆڭلۈم بىلەن بىر تائىتى.

كىمكى دەم ئۇرسە مۇھەممەددىن بەلەند①،
تۈشكۈسىدۇر باشىغە ئوتدىن كەمەند.

قويسا ھەركىم ئىلگەرى ئاندىن قەدەم،
كەلگەي ئول سائەتدە لەنەت دەمبەدەم.

كىمكى ئەھمەد ئەمرىغە كىرمەس قاچىب،
ئول كىشىغە بولماغاي رەھمەت نېسىب.

ئول مۇھەممەد بىلكى خەيرىنناس② دۇر،
ئەلمە پاكى ھەمزەئى، ئاببباسدۇر③.

ھەركىشى نەئتى رەسۇلنى قىلسە كەم،
بولغۇسىدۇر ئىككى. ئالەمدە ئەدەم④.

دەمبەدەم يۈزمىڭ دۇرۇد⑤ ئەرۋاھىغە،
ئول رەسول⑥غە، ئالىغە⑦، ئەسھابى⑧غە.

---

① بەلەند — ئىگىز، يۈكسەك، يۇقىرى.
② خەيرىنناس — ئىنسانلارنىڭ ياخشىراقى.
③ ھەمزە، ئابباس — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك تاغىلىرىدۇر.
④ ئەدەم — يوقلۇق، يوقىلىش.
⑤ دۇرۇد — رەھمەت تىلەش، تىلەك، دۇئا.
⑥ رەسۇل — ئەلچى، پەيغەمبەر.
⑦ ئالىغە — ئائىلە تاۋاباتلىرىغە.
⑧ ئەسھاب — ھەمراھ، بىللە يۈرگۈچىلەر.

مەن ئېمەسمەن قۇللۇغۇڭغە سازۋار،
سەن ئەگەر لوتف ئەتمەسەڭ ئەي بىرۇ بار.

رەھمەتىڭدىن ھېچكىم نەۋمىد ئېمەس،
رەھمەتۇ جاۋىدى① بۇ بەندەڭگە بەس.

ئەي دەرىخا② ئۆمرۈم ئۆتتى بىخەبەر،
لوتفى بىرلە مەن قۇلۇڭغە قىل نەزەر.

ھەددە بىھەد ۋە ھىساب تەكرىم ساڭا،
گەرچە ئول لايىق ئېمەس مەندىن ساڭا.

لەززەتى پىكرىڭنى شەككەر ئەيلەدىڭ،
مۇستەفانى بىزگە رەھبەر ئەيلەدىڭ.

بارچەلەرنى دىن ئۆيىن ئاباد قىل،
مۇستەفانى ھەققىدىن ئازاد قىل.

مۇستەفاسىز ھېچكىشى مەقبۇل ئېمەس،
ھەر ئىباداتى ئانى مەئمۇل ئېمەس.

ئەنبىيايۇ ئەۋلىيا ئاشىق ئاڭا،
جانە كۆڭلى بىرلە ھەم سادىق ئاڭا.

---

① جاۋىد — جاۋىدان — دائىم، مەڭگۈ، ھەرقاچان.
② دەرىخا — ئىست، ھەسرەت.

كېچە - كۈندۈز مەئسىيەت ① بىلە ئىشىم،
بۇ گۇنە بىرلە ئايا كەتكەي باشىم.

غافىل ئولدۇم ئەمرى ②نەھى③گىدىن يەنە،
نەفسى شەيتان بىرلە بولدۇم ھەم يەنە.

يائىلاھەل ئالەمىن④ دەرماندە مەن،
بەس، زەئىفۇ خەستەئى بىچارە مەن.

پادىشاھا بۇ قۇلۇڭغە قىل نەزەر،
سەندىن ئۆزگە يوق تۇرۇر بىردادىگەر⑤.

بىلمىدىم قىلدىم خاتالار كۆب تىلىم⑥،
لوتفى⑦ قىلغىل بۇ قۇلۇڭغە ئەي كەرىم.

جۇرمى ئىسيانىم⑧ ئەگەر تاغلارچە دۇر،
رەھمىتىڭنىڭ قاشىدە ئول قانچە دۇر.

---

① مەئسىيەت — گۇنا، ئاسىلىق.
② ئەمر — ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قىلىنغان بۇيرۇق، كۆرسەتمە، يولىيورۇق.
③ نەھى — يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا قىلىنغان بۇيرۇق.
④ يائىلا ھەل ئالەمىن — ئەي ھەممە ئالەم خەلقى ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك خۇدا.
⑤ دادىگەر — دادىغا يەتكۈچى.
⑥ كۆب تىلىم — كۆپ قېتىم.
⑦ لوتفى — مېھرىۋانلىق، مۇلايىملىق.
⑧ جۇرمى ئىسيان — گۇنا، خاتالىق، ئاسىلىق.

ئۇشبۇ ئالەم ئىچرە خۇشنۇد ئەيلىمە،
روزى مەھشەر ئىچرە مەردۇد ئەيلىمە.

ئۆتتى ئۆمرۈم بىھۇدە ھەر يازۇ قىش،
يوق نۇرۇر شەرمەندەلىكدىن ئۆزگە ئىش.

ھەر كۈنى بىھۇش ھەر كۈن خابلىغ،
ئۇشبۇ غەفلەتدىن نۇچۇك ئەسبابلىغ؟

يوق پەناھىم سەندىن ئۆزگە ئەي خۇدا،
بۇ خىجالەتتىن ماڭا بەرگىل پەنا.

مەن ئىمەسمەن قۇللۇغۇڭغا سازىۋار،
لۇتفى ئېيتىپ رەھىم ئەيلەگىل پەرۋەردىگار.

ئەي خۇدايا ئول نىجاسەت قەترەمەن،
لۇتفىمىز قايدىن بولاي شايىستەمەن.

باردۇرۇر كۆڭلۈم ئارا يۈزمىڭ غۇبار،
مەن نۇچۇك لايىق ساڭا ئەي كەردىگار.

پادىشاھا سەن ئىنايەت ئەيلەگىل،
ئۆز ھەبىبىڭنى رەئايەت ئەيلەگىل.

بارچەدىن ئەھمەدنى دانا ئەيلەدىڭ،
بارچەدىن مەئراجنى ئەئلا ئەيلەدىڭ.

ھەمدىلە شۈكر ئەيلەيەم ھەر سۇبھى شام،
يۈز قىيامەت ئۆتسە ھەم بولماس تەمام.

فەتھ قىل بۇ يولنى ئەي فەتتاھى باب①،
ئۆتتى ئۆمرۈم فىسق - ئىسيان بىرلە خاب②..

يوق ساڭا تۆھفەم مۇھەممەددىن بۆلەك،
مەن كىبى ھەمدىڭنى لايىقراق دېمەك.

سەن ئەگەر ئەفۋەتمەسەڭ ئەي زاتى پاك،
مەن ئۇچۇك خۇشنۇد ئولاي بىر مۇشتى خاك..

بەرمە يول دۇنيا ۋە مافىھا سارى،
بەر ھىدايەت ئىمدى ئەللەللاھۇ سارى.

ئەي خۇدايا سورماغىل مەندىن ئەمەل،
ئۆتتى ئۆمرۈم فىسق ئىلە ھەم بى ئەمەل.

يوق تۇرۇر قۇللارغا شاھنىڭ ھاجىتى،
شاھقا بار بارچە قۇلنىڭ ھاجىتى.

گەرچە مەن ھەمدە ئەيتماققا لايىق ئەمەس،
شام كۆڭلۈم سۇبھىدەك سادىق ئەمەس.

---

① فەتتاھى باب — ئىشىكنى ئاچقۇچى.
② خاب — ئۇيقۇ.

شەرئىنى ھەر كىم رىئايەت ئەيلىمەس،
مۇستەفا ھەرگىز شەفائەت ئەيلىمەس.

ئەي بىرادەر شەرئىدۇر ئابى ھايات،
ھەر كىشى نوش ئەتسە بولغاي ھايات.

مۇستەفا ھەقتىن ئىنايەتتۇر ساڭا،
قىلغان ھەر ئەمرى كارامەتتۇر ساڭا.

شەرئىنى دائىم رىئايەت ئەيلەگىل،
ھەم مۇھەممەدنى ھىمايەت ئەيلەگىل.

مۇستەفا فەرمانى ھەق فەرماندۇر،
مۇستەفا دەرمانى ھەق دەرماندۇر.

قىلمىغايسەن ئەمرىگە ھەرگىز خىلاف،
دىن ئۆيىنى قىلماغىل ھەرگىز خاراب.

مۇستەفا ئەمرى ھىدايەتتۇر ساڭا،
روزى مەھشەردە ھىمايەتتۇر ساڭا.

مۇستەفا ئەمرىنى قىلساڭ تىز - تىز،
ئىككى ئالەم خەلقى ئارا قىلغاي ئىززىز.

ئەي ئوغۇل شەرئىنى ئادەت ئەيلەگىل،
شەرئى ھۆكمىگە قانائەت ئەيلەگىل.

تۈنۈ كۈن، سۈبھى - شام مەئراج ئاڭا،
ئەنبىيايۇ ئەۋلىيا مۇھتاج ئاڭا.

كىمكى دىم ئۇرسە مۇھەممەددىن بەلەند،
تۈشكەي ئانى بوينىغە ئوتدىن كەمەند.

قويسە ئاندىن كىمكى ئارتۇغراق قەدەم،
بولغاي ئول سائەتدە كافىر دىنمۇ كەم.

ئەي ئۇغۇل شەرئىدە بولغىل ئوستىۋار،
بولماغىل ھەزرەتكە ھەرگىز شەرمسار.

ئەي ئوغۇل مەندىن ساڭا بۇ پەند دۇرۇر،
تەركى شەرئى تەگرىغە دۈشمەن دۇرۇر.

شەرئى بىرلە دىن ئۆيىن ئاباد قىل،
مۇندىن ئۆزگە ئىشنى سەن بەرباد قىل.

تۇتقايسەن كۆڭلۈڭدە ئەي پىرۇ جەۋان،
ھىچ يول يوقتۇر شەرىئەتتەك ئامان.

شەرئىسىزلەر دىنى ملەتتىن ئىمەس،
ھەزرىتى ئەھمەدكە ئۈممەتتىن ئىمەس.

ئەي بىرادەر بولمىساڭ ئۈممەت ئاڭا،
قىلغاي ئول سائەت خۇدا لەئنەت ساڭا.

# دەربايان دىل ئازارى

ھەر كىشىكىم قەستى دىل ئازارىدۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزارىدۇر.

كىم كۆڭۈل ئاغرىتسە كۆڭلىن ئاغرىتۇر،
مالىكى دەۋزەخ ① ئانى قان يىغلاتۇر.

بىناۋالارغا كىشى كۆاپەت قىلۇر،
بىگۇمان تەڭرى ئاڭا لەنەت قىلۇر.

بى گۇنە ھەر كىم يېتىمنى يىغلاتۇر،
يەرۇ كۆك ۋە ئەرشى كۈرسى ئىرغاتۇر.

ھەر كىشى كۆڭلىنى سەن ئاغرىتماغىل،
ئۆز قولۇڭ بىرلە ئۆزۈڭنى ئۇرماغىل.

ئول كىشىكىم ئۆمرىدىن بىزارىدۇر،
خەلق ئارا دائىم كۆڭۈل ئازارىدۇر.

---

① مالىكى دەۋزەخ — دەۋزەخنىڭ مالائىكىسى.

چىقماساڭ دائىم مۇھەممەد ئەمرىدىن،
ئىككى ئالەم بولغايەن غەمدىن ئەمىن.

خاھى شاھ بولسۇن، خاھى گەدا،
شەرئىسىز ھېچكىم ئاڭا بەرمەس پەنا.

مۇستەفاسىز قىلسا ھەقنى جۇستىجۇ،
ئول يېتەلمەس گەرچە مۇسا بولسىمۇ.

مۇستەفاغە ئەي ئوغۇل ئىقرار بول،
ئاچىلۇر ئاندىن كېيىن جەننەتكە يول.

مۇستەفانى گەر كىشى شاد ئەيلىمەس،
ئول كىشىنى تەڭرى ئازاد ئەيلىمەس.

قىلمىسا ھەر كىم مۇھەممەدنى رىزا،
ئول كىشىدىن تەڭرى ھەم ئېرمەس رىزا.

جان قۇلاغى ئىچرە تۇت ئەي خاسۇ ئام،
جان ئىمدا قىل شەرئىغە ھەر سۇبھى شام.

غافىللا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئاھ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## دەر بايان ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى

ئەي قاياشىم ئىستەسەڭ بولماق ئامان،
ياخشىلىق بىسيارى قىل خەلقى جاھان.

بولسا كىمنىڭ ئادەتى جۇدى كەرەم①،
ئول خەلايىق ئىچرە بولغاي مۆھتەرەم.

ھەر كىشى ئىش ئاخىرىنى كۆزلەمەس،
ئول كىشلەرنىڭ كۆزىنى كۆز دېمەس،

ئەي بىرادەر ئۆزنى ئابىد② ئەيلەگىل،
جەھدىلە③ بۇ باشنى ساجىد④ ئەيلەگىل.

ھەم ساۋاب ئەيلەر كىشى ھەم مەئسىيەت،
نى تېرىلسە ئورغاي ئانى ئاقىبەت.

---

① جۇدى كەرەم — سېخىيلىق، كەڭ قوساقلىق.
② ئابىد — ئىبادەت قىلغۇچى.
③ جەھدىلە — تىرىشچانلىق بىلەن.
④ ساجىد — سەجدە قىلىش.

كۆب سەتەم قىلغاندىن ئىمان ئاندە يوق،
بۇ مەرىز① دەردىغە دەرمان ئاندە يوق.

قىل يامانغا ياخشىلىق بول ئەركىشى،
ئۆز يولىغە چاھ②منى قازمىش كىشى.

ياخشىلىق قىلغىل يامانلىق قىلماغىل،
ئۆز تەنىڭگە كۆب سەتەملەر قىلماغىل.

ئەي قاياش كۆڭلىڭنى ھەر كىم ئاغرىتۇر،
ئۆزرەلەر ئەيتىپ ئانىڭ ئالدىدا تۇر.

ئەي ئوغۇل ئاغرىتمە ھەر جاندارنى،
كۆرمىگەيسەن تەڭرىنىڭ دىدارىنى.

كىم كۆڭۈل ئاغرىتسە بولغاي ئەنىسە،
يوق خاتا ھەر كىم ئانى كافىر دىسە.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
تەڭرىغە قۇللۇقنى قىل شامۇ سەھەر③.

① مەرىز — كېسەل، ئىللەت.
② چاھ — قۇدۇق، ئازگال.
③ شامۇ — سەھەر — كېچە - كۈندۈز.

بى ھەيالاردىن ۋەپا كۆز تۇتقانىڭ،
گويىيا ئاغزىڭدە ئۇتنى تۇتقانىڭ.

تەڭلىگە①، مەجنۇنغە سەن تاش ئاتماغىل،
بىۋەپالارگە سىرىڭ پاش ئەتماغىل.

قەرزى خەلقنى قىلغايسەن ئاۋۋال ئادا،
قەرزى ھەقنى قىلغايسەن ئاندىن بىجا.

ئاچچىغىڭنى يۇتقىل ئەي پىر②و جەۋان③
كىم يۇتار ئاچچىقنى ئول بولغاي ئامان.

ئۆرۈسە يۈزنى ياراتقان ھەييى④ دىن،
يۈرگۈسى نەفسۇ ھاۋانىڭ كەينىدىن.

خەلقىغە مەردۇد⑤ ئەبلە⑥ دۇر بىلىڭ،
ھەق قەتىدە مەلئۇن ـ گۇمراھ دۇر بىلىڭ.

ئول ھاۋايى نەفسىدىن بولغىل يىراق،
ئەمدى تەرك ئەيلەب ئانى قىلغىل تالاق.

---

① تەڭىل — كىچىك بالا.
② پىر — قېرى ئادەم.
③ جەۋان — ياش.
④ ھەييى — خۇدانىڭ ئىسمى.
⑤ مەردۇد — قوغلانغان، پالانغان، ئاسى.
⑥ ئەبلە — كۆڭلى قارا، ئەقىلسىز.

كىمكى گەردەنكەشدۇر شەھ تاراج① ئېتەر،
بەلكى ئانى شەھەردىن ئىخراج② ئېتەر.

نەچچە ئىشلاردىن كىشى تابقاي شىكەست③،
ئەيتايىن قىلغىل ئانى ھەي ھەق پەرەست.

دۈشمەنى كۆپ بولسە بىلغىل دامى كۆپ،
مالى كۆپ بولسە بولۇر ئىسيانى كۆپ،

كىم ھەسەد قىلسا قانائەت ئاندە يوق،
كىم تەمە قىلسا ھالاۋەت ئاندە يوق.

نەچچە ئىشلاردىن جەپا بولغاي ساڭا،
نەچچە ئىشلاردىن ۋەپا بولغاي ساڭا.

بى ۋەپالاردىن ۋەپا كۆز تۇتماغىل،
دەردى دىللاردىن جەپا كۆز تۇتماغىل.

بولمىسە كىمدە ھەيا بىشەرم④دۇر،
يۈزى ئانىڭ گويىيا بىچەرم⑤دۇر.

---

① تاراج — بۇلاڭ - تالاڭ.
② ئىخراج — چىقىرىۋېتىش.
③ شىكەست — سۇنۇش، بۇزۇلۇش.
④ بىشەرم — نومۇسسىز.
⑤ بىچەرم — تېرىسى يوق.

سەركەش ئولدۇر تەڭرى ئەمرىدىن قاچار،
قاچسە ئاندىن دوزەخ ئىشىكىنى ئاچار.

ھەر كىشى جاھ ئىستەسە شۆھرەت يېتەر،
ئىككى ئالەم جانىغە كۆلپەت يېتەر.

جاھى ئولدۇر يوقارى ئولتۇرمىشى،
ئۆزىنى رەسۋا قىلىپ ئۆلتۈرمىشى.

نەفسىنى ئەمرىدىن قىلمىغان مەردان بولۇر،
ئاخىرەتتە خەلق ئارا سۇلتان بولۇر.

نەفسىنى تەرك ئەيلەسە تەسكىن① بولۇر،
خەلق ئارا ئىككى جاھان مەسكىن بولۇر.

نەفسى ئەممارە②يۇ ھەم ساكىن③ بولۇر،
ھەم كۆڭۈل ئول نەفسىدىن ئېمىن بولۇر.

ھەر كىشى ئۆز ھەققىغە قانى ④ دۇرۇر،
ھەزرەتى ئەھمەد ⑤ گە ئول تابى دۇرۇر.

---

① تەسكىن — ئارام ئېلىش.
② ئەممارە — بۇيرۇغۇچى.
③ ساكىن — توختىغان.
④ قانى — قانائەت قىلىش، قانائەتلىك.
⑤ ھەزرەتى ئەھمەد — ئۇلۇق مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام.

جەددۇ جەھد ئەيلەبكى دەرۋىش ئولغايسەن،
يۈز نەدامەت بىرلە دىلرىش① ئولغايسەن،

كىم ئۈشىن شايستە② دەرگاھ ئەيلەسە،
نى ئەجەب تەڭرىم ئانى شاھ ئەيلەسە.

خەلق ئارا ھەركىمكى سەركەشلىك③ قىلۇر،
راھەتۇ ئىززەت ئىشىكىن باغلاتۇر.

بەرسە كىم كۆڭلىنى ھەقدىن ئۆزگەغە،
تامغەئى لەئنەتنى باسقاي يۈزىغە.

ئەي قاياشىم تەركى ئەززۇ④ جاھى⑤ قىل،
بۇ شەرىق روھىڭنى سەن دەرگاھى قىل.

ھەر كىشى ئەشرەت ئىشىكىن باغلاسە،
كىرگۈسى قايسى ئىشىكدىن چاغلاسە.

بەلكى سەركەش بۇتپەرەستلىكدىن يامان،
تاپماغاي ئىككى جاھان سەركەش ئامان.

---

① دىلرىش — دىل جاراھەتى، رەنجىش.
② شايستە — لايىق، مۇناسىپ.
③ سەركەشلىك — كەددەنكەشلىك، بويانتاۋلىق.
④ ئەززۇ — قەدىرلىك.
⑤ جاھ — كاتتىلىق، دەرىجە.

ۋەئىدىسىغە ئەۋۋەلەن قىلغاي خىلاب،
ئاغرىتىپ قىلغاي كۆڭۈلنى ئول خاراب.

ھەم مۇسۇلمانغە كاساپەتلەر قىلۇر،
ھەم ئامانەتكە خىيانەتلەر قىلۇر.

ۋەئىدەسىغە قىلمىغاي ھەرگىز ۋەپا،
كۆڭلىدە يوقدۇر ئانىڭ سىدقى ① سەفا ②.

كىم مۇنافىق بولسا ئول مۇردار ③ ىدۇر،
بىل مۇنافىقدىن خۇدا بىزارىدۇر.

تەڭرىغە دۇشمەن مۇنافىقلار تۇرۇر،
دوستى ھەق باغلىكى سادىقلارتۇرۇر.

كىم مۇنافىق بىرلە گەر ھەمراھىدۇر،
ئانىڭلاغىل ھەر ئىككىسى گۇمراھ ④ ىدۇر.

گەر مۇنافىق بولسا ھالىدۇر چەنىن ⑤،
بولمىغاي ھەرگىز جەھەننەمدىن ئەمىن.

---

① سىدقى — راستلىق، ئاقكوڭۇل.
② سەفا — پاك، تازا.
③ مۇردار — ئۆلۈك، تاپ، نىجىس.
④ گۇمراھ — يول يوقاتقان، ئازغان.
⑤ چەنىن — شۇنىڭدەك.

ئىستەگىلى، ئىستە گىلى، ئىستە گىل،
جۈملە ھاجەتنى خۇدادىن ئىستەگىل.

غاپىلا ئۆمرۈڭ ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
قىل ئىبادەت تەڭرىگە شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## دەر بايان سالىھ① ۋە مۇنافىق②

نەچچە ئىشلار باركى رەھمانى③ ئىرۇر،
نەچچە ئىشلار باركى شەيتانى④ ئىرۇر.

ئابىدى بولغىلكى، پاسىق بولماغىل،
سالىھى بولغىل، مۇنافىق بولماغىل.

نەچچە ئىشدۇر بىل مۇنافىقلار ئىشى،
قەسد ئىلە گەر ئانى قىلسا ھەر كىشى.

---

① سالىھ — ياخشى، ياۋاش.
② مۇنافىق — ئىككى يۈزلىمە، خائىن.
③ رەھمان — خۇدانىڭ ئىسمى.
④ شەيتان — ئازدۇرغۇچى، ئارىلىشىۋالغۇچى.

سۆھبەتى ناداننى قىلما ئىختىيار،
ئاقىبەت بولغۇدۇر ئاخىر خارۇ زار.

ھەر كىشى نادان بىلە سۆھبەت قىلۇر،
ئول كىشى ئۆز جانىغە كۆلپەت قىلۇر.

كىمكى نادان بولسە قاچقان ياخشىراق،
سۆھبەتىدىن بەلكى زىندان ياخشىراق،

نەچچە ئىشنى كىمكى ئادەت ئەيلەگەن،
ئەمرو نەھىنى رىئايەت ئەيلەگەن.

خەيرى قىلساڭ ئۆز قولۇڭدا خەيرى قىل،
ئول بىراۋلارنىڭ قولىدا قىلماغىل.

قىلسە ھەركىم خەيرىنى ئۆز قول بىلەن،
بارغۇسى جەننەتغە ئول تۈز يول بىلەن.

مۇستەھەق① قە خەير قىلماق پەرزدۇر،
قىلغايسەن بىسيار بۇ ئىشنى قەرزدۇر.

بىرىيا خەير ئەيلىسە ئول بايدۇر،
بىردەرەم مىڭبىر بالانى قايتتۇرۇر.

① مۇستەھەق — لايىق، مۇناسىپ ئادەم.

يارەببا ①، ھەركىم مۇنافىق بولماغاي،
راھى راست ② بەرگىلكى فاسىق بولماغاي.

غافىلا ③ ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
قىلغايسەن تۈن - كۈن مۇنافىقدىن ھەزەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## خاسىيەتى ئىستىغفار

بولسە ھەركىم دائىم ئىستىغفارلىق،
كۆرمىگەي ئىككى جاھاندە خارلىق.

مەئسىيەتنى كىمكى پەيدەرپەي قىلۇر،
تا ئازابىن ئاگا پەيدەرپەي قىلۇر.

ئەي ئوغۇل خەلق ئىچرە مەشھۇر ئولماغىل،
ھەم بېخىلۇ ھەم تەكەببۇر ئولماغىل.

كىم دىسە سىررىنى ئەخمەق دوستىغە،
ئاقىبەت تىققاي سامانىنى پوستىغە.

---

① يارەببا — ئەي پەرۋەردىگارا.
② راھى راست — توغرى يول.
③ غافىلا — ئەي غافىل.

كۆپ تائام نەپسگە بەرمەكلىك ۋەبال،
بەرسەڭ قالدۇرغاي سېنى نەقو زەلال ①.

كۆپ يېگەن بىرلە كىشى بولماس كىشى،
تاپماغاي رەۋنەق ئانىڭ قىلغان ئىشى.

كۆپ يېگەنلەر تاپمىغاي ھەرگىز كامال،
كۆپ يېگەنلەر كۆرمىگەي ھەرگىز جامال.

كەم يېسە كۆڭلىدە بولغاي ئىلمۇ ھال،
كۆپ يېسە بولغاي ئانىڭ جىسمى زاۋال.

كەم يېسە بولغاي ئانىڭ كۆڭلى جالا،
كۆپ يېسە بولغاي ئانىڭ كۆڭلى قارا.

بىلگە يەن كىملەركى لەنەت ئىچرەدۇر،
سۈبھى - شام ۋەقتىدە غەپلەت ئىچرەدۇر.

يېزىغە قول بىرلە ئۆرگەن شۇمدۇر،
گەرچە ئەنقا ② بولسە ھەم ئول بوم③دۇر.

قىلماغىل زىنھارسەن يالغۇز سەپەر،
ئەھلى ھىكمەت قولدا بولغاي خەتەر.

① زەلال — خاتالىشىش، ئېزىش.
② ئەنقا — سىمۇرغ، بەخت قۇشى، ھەيكەللىك قۇش، خاسىيەتلىك قۇش.
③ بوم — مۈشۈك ياپىلاق (ھۇۋقۇش)، شۇم قۇش.

خەير قىلغاندىن كېيىن ياد ئەيلەمە،
قىلغان ئول خەيرىڭنى بەرباد ئەيلەمە.

ئېيغايسەن بىسيار ئىستىغفارنى،
قىلغايسەن خۇشھال ئول غاففارنى،

تۈنۈ كۈن قىل بەندەلىك ھۇشيار بول،
جۈملە شەيتان فەئلىدىن بىزار بول.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
قىل ئىبادەت تۈنۈ كۈن، شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە كەم يىمەك خاسىيىتىنى ئەيتۇر

ئۇيقۇسىز ئۆتكەركى سەن ئەييام① نى،
بىھۇدە ئۆتكەرمە سۇبھى - شامنى.

ئەۋۋەلەن كەم ئۇخلاغىل ھەم ئاخىر،
قىلغايسەن ئەلبەتتە نەفسىڭنى ئەسىر.

---

① ئەييام — كۈنلەر.

بار دۇرۇر بۇ يولدە بىر دەردى ئەزىم،
يارەببا بەرگىل پانا سەن - سەن رەھىم.

غاپىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
قىل ئىبادەت تۈنۈ كۈن، شامۇ سەھەر.

ھەن نىچچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىلدە ئىشارەتى ئەھلى ئىمان ۋە بىئىماننى ئەيتۇر

ھەر كىشىكىم ئەھلى ئىماندۇر بىلىڭ،
تۆت ئىشنى جەددىلە ئاڭلاپ قىلىڭ.

ئەۋۋەلەن ئۆزنى ھەسەددىن ساقلاغىل،
تاكى ئاندىن ئۆزنى مۆئمىن چاغلاغىل.

بولساڭ ئول يالغانۇ غەيبەتدىن يىراق،
بولغايسەن ئەلبەتتە لەنەتدىن يىراق.

بى رىيا قىلساڭ ئەگەر بىر تائەتى،
ياغقۇسى باشىڭ ئۇزرە ھەق رەھمىتى.

كۆرمىگىل ھەر تۈن ئىچىدە ئايىنە ①،
بى خەبەر ئۆمىر ئۆتمىگەي ھەر ئايىنە②.

بى خەبەرلەر ئالدىدا ئولتۇرماغىل،
ئۆز قولۇڭ بىرلە ئۆزۈڭنى ئۇرماغىل.

بولمىسە ھەركىمگى دائىم بى ئەدەب،
كۆرمىگەي ئىككى جاھان ھەرگىز غەزەب.

ھەر كىشىنىڭ جىسمىدە كۆپ گۆشتىدۇر،
بەندەلىك قىلماق ئاڭا ناخۇشتىدۇر.

قورقۇبان ۋەھم ئىچرە قىل ئۆزنى يەنگىل،
ئارزۇ ھالىڭ بولسە تەڭرىغە دىگىل.

كەلسەلەر جان ئالغۇچى جان قەسدىدە،
تۇرغاي ئول شەيتان ئىمانىڭ قەسدىدە.

يول يىراقۇ يۈك ئېغىردۇر ئەي قاياش،
بولغايسەن شامۇ سەھەر كۆپ دىل خەراش③.

دىلخەراش ئولدۇر جىگەرنى داغلاسە،
قورقۇبان تەڭرىسىدىن قان يىغلاسە.

---

① ئايىنە — ئەينەك.
② ھەر ئايىنە — ھەر دائىم.
③ دىل خەراش — مالال بولۇش، ئازاپلىنىش، دىل تاتىلاش.

هەر كىشىكىم ئەھلى سىدق، سىددىق ① بولۇر،
هەر كىشىكىم ئەھلى جىھىل ② زىندىق ③ بولۇر.

نەفسىنى ئۆلتۈرسە ئول جىرجىس ④ بولۇر،
قىلسە گەر نەفس ئەمرىنى ئىبلىس بولۇر.

كىم دالالەت قىلسا شەيتان ئەمرىنى،
ئوقۇغىل «لاھەۋلە» ⑤ سەن بىسيار ئۇنى.

زارۇ زارۇ، زارۇ زارۇ، زارۇ زار،
كىم تەكەببۇردۇر بولۇر ئەلبەتتە خار.

مەن نېچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان نەسىھەتى نىك ⑥ ۋە بەد ⑦

① سىددىق — ئاقكۆڭۈل، ۋىجدانلىق.
② جىھىل — بىلىمسىز، نادان، ئاخماق.
③ زىندىق — مۇنافىق، ئاسى.
④ جىرجىس — پەيغەمبەر ئىسمى.
⑤ لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللا — كۈچ قۇۋۋەت،
غەيرەت، شىجائەت پەقەت ئاللادىندۇر.
⑥ نىك — ياخشى.
⑦ بەد — يامان.

ساقلاسا ھەركىم ھارامدىن قورساقىن،
بولماغاي ئىككى جاھان ھەرگىز لەئىن ①.

ھەر كىشىنىڭ باتىنى گەر پاك ئەمەس،
بەلكى روھى لايىقى ئەفلاك ئەمەس.

كىمكى ھەق ئەمرىن قىلۇر ئول ھەق تاپار،
ئۆمرىدە پەيۋەستە ئول رەۋناق تاپار.

قىلسە ئۆھبەت زەن ② بىلە باھەر، پەقىر،
ئول كىشى بولغاي بۈگۈن تاڭلا ھەقىر ③.

ئۆزنى بىلگەن ئۆزىنى خار ئەيلەمەس،
جانىدارلارنى ئازار ئەيلەمەس.

ئۆزنى پاك ئەتكەن كىشى ئىدرىس ④ بولۇر،
ئۆزنى فاسىق ئەيلەسە ئىبلىس ⑤ بولۇر.

---

① لەئىن — نەپرەتلىنەدىگۈچى، لەنىتى.
② زەن — ئايال.
③ ھەقىر — ئېتىبارسىز، پەس، ناچار.
④ ئىدرىس — پەيغەمبەر ئىسمى.
⑤ ئىبلىس — شەيتان، ناتۈزۈت بولغۇچى، ئازدۇرغۇچى.

خاكى ① بىرلە قول يۇمە نىئمەت كەمىر،
ئىززەتى نىئمەتنى قىل بولغىل ئەمىر.

بوسۇغەنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماغىل،
بولغۇسىدۇر كىمكى ئولتۇرسا ھەقىر.

كىم نىجىس يەردە تاھارەتلەر قىلۇر،
بەگۇمان مىللەتنى غارەت ② لەر قىلۇر.

تۇرماغىل زىنھار سەن بازار ئارا،
بولماغىل بىسيار ئەتلى خار ئارا.

«پۇپ» قىلىب ھەركىم چىراغنى ئۆچۈرۈر،
خەسد ئىلە ئول ئەقل - ھۇشىن كەچۈرۈر.

گەر كىشى كۆرسە ھەقىر نىئمەتنى خار،
ئول كىشى بولغاي يىمەك - ئىچمەككە زار.

سەن ئىبادەتتە تىرىكلىك خاھلامە،
ئۇشبۇ ئۆمرۈڭدىن تىرىكلىك چاغلامە.

ئىستەمە زىنھار ھەركىمدىن مەدەد،
قادىر ئولدۇر يوق ئاڭا «كۇفۇۋەن ئەھەد» ③

---

① خاك — تۇپراق.

② غارەت — بۇلاڭ - تالاڭ، ۋەيران قىلىش.

③ «كۇفۇۋەن ئەھەد» — ئاللاغا ئوخشايدىغان ھېچ نەرسە يوق دۇر.

غافىل ئولمە ئەي قاياشىم بۇ جاھان،
يەتمەگەي ھەردەم ساڭا ئەندەك زىيان.

ھەر كىشىگە قىلسا رەھمەت گەر خۇدا،
قىلغۇسىدۇر تۈنۈ كۈن ئىچرە دۇئا.

ھەر كىشىنىڭ تائەتى بىسياردۇر،
رىزق - روزەسى ئانىڭ بىسياردۇر.

ھەر كىشىكىم فىسق ئىلە ئىسيان قىلۇر،
بىگۇمان رىزقى ئانىڭ نۇقسان بولۇر.

راستگۆي ئىككى جاھان ئىھسان تاپار،
بىل ئاخىر ئەلبەتتە ئول ئىمان تاپار.

بولماغاي يالغانچى لەنەتدىن خالاس،
بولماغاي يالغانچى كۆلپەتدىن خالاس.

كىم پېشاب ① ئەيلەر بەرەدنە ② ھەم ياتۇر،
قەست ئىلە ئۆزنى شاياتۇنغە قاتۇر.

---

① پېشاب — كىچىك تاھارەت (سىيدۈك)

② بەرەھنە — يالىڭاچ.

ھەركىشى ھەقدىن شىكايەتلەر قىلۇر،
ئول كىشىگە تەڭرى كۆپ لەنەت قىلۇر.

ئالمە نان ھەرگىز گەدادىن ئەي بەئىر①،
كىم گەدادىن نان ئالۇر بولغاي ھەقىر.

تۇرماسۇن ئۆي ئىچرە تارى② ئەنگىبۇت③،
بۇ نەسىھەت يادى ئال كۆڭلۈڭدە تۇت.

خەرج قىلغىل دەخلىڭنىڭ ئەندازەسى④،
بۇيرۇدى بۇ سۆزنى ھىكمەت قازىسى.

ھەر كىشى ھەق ئەمرىگە كاھىلدۇرۇر،
بىگۇمان بىلگىل ئانى جاھىلدۇرۇر.

ھەر كىشى تەرك ئەتسە شەھۋەت نەر بولۇر،
ھەركىسى شەھۋەت بولسە ئاخىر خەر⑤ بولۇر.

ھەركىشىكىم قىلسا شەھۋەت ئىختىيار،
بولغۇسىدۇر ئىككى ئالەم خارۇ زار.

---

① بەئىر — تۆگە،
② تارى — تورى،
③ ئەنگىبۇت — ئۆمۈچۈك،
④ دەخلىڭنىڭ ئەندازەسى — كىرىم تۈلچىمى، ئەھۋالى،
⑤ خەر — ئىشەك،

دەمبەدەمدۇر، دەمبەدەمدۇر، دەمبەدەم،
بى ئەدەبلەرغە يېتەر رەنجۇ ئەلەم.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بولماغىل تەكرارىدىن شامۇ سەھەر.

مەن ئۇچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
تايىسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان سەبر ۋە بىسەبرلەر

ھەر كىشى ھەق ئەمرىغە تېزۇ راۋان،
بىگۇمان بىلغىل ئانى شاھى جاھان.

ھەر بالا كەلسە ئىلاجى سەبردۇر،
كىمكى سەبر ئەتمەسە ئول گەبر① دۇر.

نېچە كۆپ كەلسە قازا بولغىل رىزا،
كىمكى بىتاقەت بولۇر تابقاي سەزا.

كىم گۇنە قىلسە قازا چەندان كېلۇر،
كىم گىلە② قىلسە قازا چەندان كېلۇر.

---

① گەبر — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ بىر تۈرى.
② گىلە — غەيۋەت، شىكايەت.

ئەھلى فاسىق سۆھبىتى فاسىق قىلۇر،
ئەھلى ئاقىل سۆھبىتى سادىق قىلۇر.

تەڭرى ئەمرىنى قىلغان ئەل ئالىمدۇرۇر،
ئەمرىدىن قاچقان كىشى زالىمدۇرۇر.

ئەھلى زالىمدىن كىشى قىلسە گۇزەر ①،
سالمىغاي تەڭرىم ئانى نار②ۋۇ سەقەر ③.

كىمكى كۆپ خىزمەت قىلۇر دۆلەت كۆرەر،
كىمكى خىزمەتدىن قاچار مېھنەت كۆرەر.

بەندەلىك كۆپ قىلسە ھەق بەرگەي مۇقام،
بولغاي ئول تەجرىدى ئەھلى ۋەسسالام.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بەندەلىك بىسىيار قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي ئەر يادلار.

---

① گۇزەر — ئۆتۈش، كېچىش.
② نار — ئوت.
③ سەقەر — دوزاخ.

تىلماغايسەن ھەر كىشىدىن ئەئتەمەد①،
بولماغىل تەفرىد ئېلىدىن نائۈمىد.

ئېتىمادىڭنى خۇدادىن ئەيلەگىل،
جۈملە ئالەمدىن ئۆزۆڭنى ئۆزگۆل.

ئەي قاياشىم سىنەنى چاك ئەيلەگىل،
جەھدىلە كۆڭۆلنى ھەم پاك ئەيلەگىل.

ھەر كىشىنىڭ كىبىرسى بىسيارىدۇر،
ئاقىبەت ئىككى جاھاندا خارىدۇر.

كىمكى ئۆز قەدرىنى بىلسە خارئىمەس،
تەڭرىم ئانى خەلق ئارا خار ئەيلەمەس.

ھەركىشى سالىھ بىلەن سۆھبەت قىلۇر،
بىگۇمان تەڭرىم ئانى رەھمەت قىلۇر.

ئەھلى سالىھ بىرلە بولغىل ھەم نەشىن②،
قىلغايسەن زىنھارىما ھەم قىلغايسەن.

ئەھلى سالىھ ئەھلى فاسىقدىن يىراق،
ئەھلى ئاقىللار مۇنافىقدىن يىراق.

---

① ئەئتەمەد — ئىشىنىش، ئىشەنچ باغلاش،
② ھەم نەشىن — بىللە، ھەمسۆھبەت،

ئىككى ئالەمغە خۇدا قازى دۇرۇر،
ئەھلى مۆئمىندىن خۇدا رازى دۇرۇر.

بۇ ئەمەل بىرلە كىشى مۆئمىن بولۇر،
ئىككى ئالەم ئىچرە ئۇل ئىمەن بولۇر.

ئۇل كىشى ھەق رەھمىتىغە زارىدۇر،
نۇھگەرلەر ① دىن خۇدا بىزارىدۇر.

مەئسىيەتگە ھەر كىشى رىغبەت قىلۇر،
شۇل زامان تەڭرى ئاڭا لەنەت قىلۇر.

سودخورلار ②دىن خۇدا بىزارىدۇر،
خەمرىخورلار ③ دىنمۇ ھەم بىزارىدۇر.

ھەرنە باتىل فەئىلەدۇر قىلغىن گۇزەر،
قىلدى پەرمان بىزگە ئۇل خەيرۇلبەشەر ④.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
قىلما باتىل تۈنۈ كۈن شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،

---

① نۇھگەرلەر — ئاۋازلىق يىغلىغۇچىلار،
② سودخورلار — جازانىخورلار.
③ خەمرىخورلار — ھاراقخورلار.
④ خەيرۇلبەشەر — ئىنسانلارنىڭ ياخشىراقى.

## ئەھلى دۇنيالار سۆھبىتى بايانىدە

ئەھلى دۇنيا سۆھبىتىن قىلماڭ ھەۋەس،
كىمكى قىلسە سۆھبەتىن قىلغاي ھەۋەس.

گەر كىشى سالىھ بىلەن ھەمدەم بولۇر،
ئەۋلىيالار ئىچرە ئول مەھرەم بولۇر.

ھەر كىشى شەرئىدەدۇر سابىت قەدەم،
كۆرمىگەي ئىككى جاھاندە ھىچ غەم.

نەچچە ئىشلەرنى كارامەت قىلدى ھەق،
نىك بەختلەرغە ئىنايەت قىلدى ھەق.

ئەۋۋەلى ئولدۇركى بولغاي راستگۈي،
ھەم سەخىيۇ ئابىدۇ ھەم نىك خۇي.

راستلىك بىرلە ئامانەت ساقلاسە،
ئول ئامانەتكە خىيانەت قىلماسە.

ھەر كىشىدە بولسە بۇ تۆرلۈك مەسەل،
ھەق كارامەت ئەيلەدى روزى ئەزەل.

ئەي قاياشىم كۆب يىگەن كۆب ئاغرىغاي،
يىسە گەر ئەندەك كىشى ئاغرىمىغاي.

باش يالاڭ كۆپۈب سۆيۈنۈب يەب تائام،
كىم يىسە كۆڭلى قارا بولغاي مادام.

تەشنەگە سۇ بەرگىل ۋە ئاچغە تائام،
نالەلەر بىسيار قىلغىل سۇبھى - شام.

هەر كىشى ئۆز جۇبتىدىن بىگانەدۇر،
ئاقىبەت ئىككى جاھان ئەفسانەدۇر.

هەر كىشى هەمسايەسى ئازارىدۇر،
تەڭرى ئاندىن بىگۇمان بىزارىدۇر.

ئۆزرە قىلغىل مەئسىيەتلەردىن بۇرۇن،
تەۋبە قىلغىل ئۆمر ئۆتمەسدىن بۇرۇن.

كەلسە گەر جان ئالغىلى قويماس سىنى،
ئول ئالىب بارغاي سىنى يۇ هدم دىنى.

بۇ جاھاندىن بارغاي هەسرەتلەر بىلە،
چىققۇسى بۇجان نەدامەتلەر بىلە.

كىمكى سالىھ دۇر نەدامەت قىلماغاي،
كىمكى ئابىد بولسە هەسرەت قىلماغاي.

...ي قەريادلار.

## دەربايان خىزمەتى پىر ① ۋە ھەققى ھەمسايە

پىرلەرنى ئەي يىگىت كۆرگىل ئېزىز،
ئاقىبەت بولغايسە سەن ھەم ئېزىز.

پىرلەر ھەققى يىگىتلەردە بولۇر،
كۆرسە ھەر يەردە ئانى خىزمەت قىلۇر.

بولماغىل ئالەمدە ھەرگىز پىرسىز،
تاپىسان قىل خىزمىتىنى تېز - تېز.

پىرلەرغە ھەر كىشى خىزمەت قىلۇر،
ئىككى ئالەمدە خۇدا رازى بولۇر.

پىرى سادىق ②، سۆزى سادىقدۇر بىلىڭ،
پىرى كازىب ③ سۆزى كازىبدۇر بىلىڭ.

پىرى سالىھلار بۇ يولغە رەھنەما،
پىرى پاسىقلار ھېمىشە روسىيا ④.

---

① پىر — بوۋاي، ئۇستاز، تەربىيەچى، يېتەكچى.
② سادىق — راستچىل، ھەقىقى، چىن.
③ كازىب — يالغانچى، ئالدامچى، مەككار.
④ روسىيا — قارا يۈز، ئەيىبلىك، گۇناكار.

كۆر ئانى پەرياد ئېتەر ھەر سۇبھى - شام،
بەرمە كۆڭلۈڭ دۇنياغە ئەي خاسۇ ئام.

بىز ياتارمىز مۇندە ھەسرەتلەر بىلە،
سەن يۈرۈرسەن ئاندا غەپلەتلەر بىلە.

كىمكى بۇ ئالەمدە ئىشرەت قىلسە كۆپ،
قالغۇسىدۇر گوردە ئول ھەسرەتنى كۆپ.

ياخشى ئىشلارغە ئېغىرلىق قىلماغىل،
ھەم يامان ئىشقا يەڭگىللىك قىلماغىل.

ياخشى ئىش بىسيار قىل بولماي مەلۇل،
تاكى ئاندىن ئۆزگەلەر قىلغاي قەبۇل.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بەندەلىك قىل تەڭرىغە شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

ئارىيەت بىلگىل بۇ دۇنيا مالىنى،
ھەر كىشى بىلگەيكى ئۆز ئەھۋالىنى.

ئەھلى دۇنيا تابماغاي ھەرگىز كامال،
گۆرىدە ھەمراھىدۇر مارۇ چايان.

يوقتۇر ماڭا تەقۋى دىن ياخشى لىباس،
نېچە ئەتلەسدىن ئېرۇر خوب بۇ پەلاس.

ھەر كىشى جىسمىغە ئارايىش قىلۇر،
ئول جەھەننەم ئىچرە كۆب نالىش قىلۇر.

نەچچە ئىشلەردىن كىشى ئەبلەھ بولۇر،
بىلمەسە ھەركىم ئانى گۇمراھ بولۇر.

ئاڭلاغىل كىم بىر يامانىنىڭ سۆھبەتى،
ياخشىدۇر ئاندىن يىلانىنىڭ سۆھبەتى.

ئاشكار ئەتسە كىشىنىڭ ئەيبىنى،
كۆرمەسە ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئەيبىنى.

ئول بېخىللاردىن ئايا قىلغىل گۇزەر،
كىرمەگىل مەھشەر كۈنى نارى سەقەر.

سەن كىشىنىڭ ئەيبىنى ھەرگىز دىمە،
سېنى ھەم ئەيىبگىنى يوق قىلماس دىمە.

سەرىڭنى پاش ئەتمە دۇنيادارغە،
ئول چىقارغاي، ئاقىبەت سەردارغە.

ئەھلى دۇنيادىن پەقەر كەم شاددۇر،
بۇ سەبەبدىن مىللىتى بەرباددۇر.

ئەھلى دۇنيالارغە ئۇلفەت قىلماغىل،
ئەھلى دۇنيا بىرلە سۆھبەت قىلماغىل.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بولما غافىل تەفەككۇردىن شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان ئاگاھلىق ۋە راھى راستلىق

ھەر كىشى ياد ئەتسە ھەق ھەمراھىدۇر،
ھەر كىشى ياد ئەتمەسە گۇمراھىدۇر.

ئاملار زىكرى تىلىنىڭ ئۇچىدە،
خاسلار زىكرى دىلىنىڭ ئىچىدە.

بىر زامان ياد ئەتمەسە غافىل دۇرۇر،
ھەر زامان ياد ئەتمەسە جاھىل دۇرۇر.

## دەربايان فەزىلەتى ئۆجزە① ۋە تاھارەت②

ئەي يىگىت غەم كەلسە يوق غەمخارەلىق،
بەندەلىكدۇر ئۆجزىلە بىچارەلىق.

ھەر كىشىنىڭ ئۆمرى بى ھاسىلدۇرۇر،
ئۆمرى ئانىڭ بىھۇدە زايىل دۇرۇر.

ھەر كىشىدە بولسە بىر ياخشى ھۈنەر،
ئول كىشىكىم كۈندە چەندان خەرج ئېتەر.

بى ھۈنەر ھەر يەرگە بارسە خاردۇر،
بى ھۈنەرلەردىن خۇدا بىزاردۇر.

ھەر كىشى دائىم تاھارەت ئىچرەدۇر،
گۈيىيا مەھكەم ئىمارەت ئىچرەدۇر.

پادىشاھ ۋەيرانەدىن ئالماس خىراج،
گەر ھوسۇللۇق بولسە ھەر يەر بى ئىلاج.

ياخشىمدۇر ھەركىمكى ياخشى خۇيلەرى،
دوست بولغاي ئاقىبەت دۈشمەنلەرى.

---

① ئۆجزە — ئاجىزلىق، بىچارىلىق.

② تاھارەت — تازىلىق، يۇيۇنۇش.

ئەھلى غاپىل مەجلىسى نادان قىلۇر،
ئەھلى جاھىل مەجلىسى شەيتان قىلۇر.

ھەر كىشىكىم ئەقلىدىن ئاگاھدۇر،
ئول كىشىلەرگە خۇدا ھەمراھدۇر.

خەيرىنى پاسىققا بەرمە نارەۋا، ①
چۈنكى سۇ مۇستەسقىغە ② ئەرمەس داۋا.

بۇ ھەدىسنى مۇستەپا ③ ئەيتتى كالام،
جان ئىلدا تىل ئاڭلابان ئەي خاسۇ ئام.

ئاغۇ گەر بىر زەررە بولسە ئۆلتۈرۈر،
ئوت ئەگەر بىر زەررە بولسە كۆيدۈرۈر.

مەئسىيەت ئەندەك دىبان شاد ئولماغىل،
ئۆز كۆڭلۈڭچە ھەقدىن ئازاد ئولماغىل.

تۈندخۇ ④ رەنجىغە قىل سەبرىنى نوش⑤،
ھەر كىشى نوش ئەتسە بولغاي كۆڭلى خوش.

كۆرسە ھەركىم جاندارىنى گەرھەقىر،

---

① نارەۋا — نامۇناسىپ، لايىق ئەمەس.
② مۇستەسقىغە — سۇلۇق ئىششىقا.
③ مۇستەپا — ئەڭ ئىلغانغان، تاللانغان ئادەم (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام).
④ تۈندخۇ — ئاچچىغى يامان.
⑤ نوش — ئىچمىش، ئىستىمال قىلمىش.

ئاچماغىل ئاغزىڭنى زىكرىدىن بولەك،
تۇتماغىل كۆڭلۈڭنى پىكرىدىن بولەك.

كىمدە بولسە ياخشى سۆز ۋە ياخشى خۇي،
ئىككى ئالەم ئىچرە تاپقاي ئابروي.

ئەھلى غافىل بى خەبەر ئۇيقۇدە دۇر،
ئەھلى ئاقىل تۈنۇ كۈن قايغۇدەدۇر.

تۇتسە ئۈچ كۈندىن زىيادە گىمنەنى،
غارەت ئەيلەر ئىبلىس ئانىڭ دىنىنى.

يۈز بالا ھەركۈن ئەداۋەتتىن تۇغار،
يۈز قەزا ھەركۈن كەساپەتدىن تۇغار.

ھەر كىشى تەئرىب قىلۇر ئۆز يارىنى،
ھەر كىشى ئىيمان قىلۇر ئۆز جانىنى.

ھىرسىنى تەرك ئېت قانائەت پىشە ① قىل،
كىبىر② نى تەرك ئېت ئۆلۈم ئەندىشە قىل.

مۇدبىر ③ ئولدۇر ياخشى ھەمرا ئىستەگەن،
«راست يوللارغا دىنى يەتكۇر» دىگەن.

---

① پىشە — ھۈنەر.
② كىبىر — چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، پوچىلىق.
③ مۇدبىر — شەقى، بەد بەخت

ئۆمرنى باغىل غەنىمەت ھەرنەپەس،
روھى بىر ئۆشتۈركى تەن گويا قەپەس.

ئىلمى-ئىلىم بول قالكى نەفسىڭ بىرلە جەڭ،
ئورغايسەن ئاندىن بۇ ئىشقە كۆبلە جەڭ.

كەپەلە پەرۋانە بولمەس ھېچ ۋەقىت،
خەيرىلەر مەردانە بولماس ھېچ ۋەقىت.

ئىلىم ئەگەر كۆبدۇر كۆڭۈلنىڭ باغىدۇر،
ھېرىس ئەگەر كۆبدۇر كۆڭۈلنىڭ داغىدۇر.

نەچچە ئىشتىن ئۆمىر كۆب كۆرگەي كىشى،
ياخشى بولغاي قىلسە ھەر ئىلغان ئىشى.

ئەۋۋەلەن ئىش قىلسا بىر ئاۋازى خۇش،
ئەلدىن ياقىلسە بىر ئاغازى خۇش.

ئۇرماغىل نەريات ئېيتىب ھەر كىشىغە دەم،
داغ يەتكەي دەردىگە غەم ئۈزرە غەم.

ھەر كىشىنىڭ راستىلىغىدۇر پىشەسى،
بولغاي ئول ئازاد، يوق ئەندىشەسى.

كۆزلىگەيسەن ھەر كىشىغە مەنپەئەت،
تا مىرادىڭغا يېتەرسەن ئاقىبەت.

بىر كۈنى بولغاي ئاڭا ھەم ئول ھەقىر.

ئادىم ئەندەك بولسا ھەم خار ئەيلەمە،
نىئمەت ئەندەك بولسا ھەم خار ئەيلەمە.

بەرمىسە ھەركىمگە كىم ھاجەتلىرىن،
تەڭرى ھەم بەرمەس ئانىڭ ھاجەتلىرىن.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
تەڭرىگە قۇللۇقنى قىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىل ياخشى ئەئمالغە تەكيە قىلماسلىق ۋە رەھمەتى ھەقتىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك باياندا

تۆت نىمە باردۇركى بارغاي يانمىغاي،
سۇ ۋە سۆز، ئوق ۋە ئۆمىر يانماغاي.

ئۇشبۇلارنى قىلدى ھەق روزى ئەزەل،
تېز ئۆتكەن ئۆمرگە بۇدۇر مەسەل.

بەئەمەل ئادەم ئىستەگەنلەر خاردۇر،
ئىككى ئالەم خەلق ئارا مۇرداردۇر.

مەيل قىلما ھەر زامان شەھۋەت مادام.
ئاڭلاغىل كىم مەقسىدىڭ بولماس تامام.

قىلغايسەن بەد ئەسىل ناكەسدىن ھەزەر،
گەر پېيۋاقسە، سورماغىل ئاندىن خەبەر.

يېڭى بايدىن ئالماغىل زىنھار تەرز،
ئۆشبۇ سۆز ئاڭلا ساڭا كىم بولدى فەرز.

سەن كىشىنىڭ نانىغە ئۇلاشماغىل،
ئاشۇ نان جەھەتىدىن مۇڭداشماغىل.

ئول يىگەن مۇردارىدۇر سەن بىر چەمەن،
بۇ ئىشىڭ تەرك ئەيلەگىل مۇندىن كېيىن.

كىشى ئۆرگەنسە كىشىنىڭ ئاشىغە،
مىننىتى تۇشگەي مۇنىڭ ھەم باشىغە.

كىمكى تىلى بىرلە دائىم ئويناشۇر،
ئۇ كىشىنى ئاقىۋەت رەسۋا قىلۇر.

ھەر كىشىلەردە ھايا يوق، شەرم يوق،
ئول كىشىنىڭ بىگۇمان ئىمانى يوق.

ياخشى خۇي قىلغىل كى ھەركىم بولسەلەر،
سىررىنى پاش ئەتمە ھەركىم بولسەلەر،

گەر كىشىنىڭ ئەدرىنى بىلسە كىشى،
دوست تۇتقاي ئۇل كىشىنى ھەر كىشى.

سەن كۆڭۈلنى غەل-غەشدىن پاك قىل،
قورقۇبان سىنەڭنى ھەتدىن چاك قىل.

ياخشى ئەئمالىڭغە تەكيە قىلماغىل،
رەھمەتى ھەقدىن ئۈمىدىڭ ئۈزماغىل.

ھەر كىشى ئەئمالىدىن خۇشنۇددۇر،
ياخشى ئەئمالى ئانىڭ بەربادۇر.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بى رىيا ئەئمالى قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر ئەددىن قىلاي فەريادلار.

## دەرباريان تەمە قىلماق ۋە يېڭى بايدىن قەرز ئالماق

ئەي ئوغۇل بۇيۇل ئارا مەردانە بول،
تەڭرىنىڭ فەرمانىغە پەرۋانە بول.

نەچچە ئىشنى ياد ئالغىل ئەي ئوغۇل،
ئەيتايىن قىلغىل ئانى بولماي مەلۇل.

كۆرمەگىل زىنھار ھەركىمنى ھېچىر،
خېب ئىمەسدۇر ئاغرىتىپ بەرگەن ھېرىر①.

ناكەس② بەدئەسىللەر ئەبلە بولۇر،
كىم بۇلارغە قاتىلۇر گۇمراھ بولۇر.

ھەر كىشىغە ئەۋۋەلەن قىلغىل سالام،
ئاقىبەت دوزەخ ساڭا بولغاي ھارام.

كىم يامان سۆزدىن تىلىنى قىلسە بەند،
گويىيا قىلمىش دورۇر شەيتاننى بەند.

تەڭرىنىڭ دوستىغە قىلغىل جان فىدا،
تا ساڭا ئول بولغۇسىدۇر رەھنەما.

ھەر كىشى ھەق قەھرىدىن تەرسان بولۇر،
ئول كىشىدىن بارچە خەلق لەرزان بولۇر.

شادۇ سېھ-بەتلىكنى ئاندىن ئىستەگىل،
ئىززەتۇ ھورمەتنى ئاندىن ئىستەگىل.

بولماغىل بىگانىلارغە ئاشىنا،
يەتكۈسى جانىڭگە ئاندىن كۆپ جاپا.

---

① ھېرىر — يىپەك رەخت.
② ناكەس — يامان ئادەم، ئەسكى ئادەم.



كىم ھەسەد قىلسە كىشىنىڭ ھالىدىن،
بى خەبەر ئۆمرى ئۆتكەرۇر ئەھۋالىدىن.

غافىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بولمە غافىل تەڭرىدىن شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي نەريادلار.

**دەر بايان تەبىب ھازىق① مەسەل جانەست②**

ھەر تەبىبگە بەرمە قول ئەي دەردناك،
دارۇيى زەددى③ بىلە قىلغاي ھەلاك.

ھەر تەبىب ئالىم دۇرۇر دارۇسى خوب،
گەر تەبىب زالىم دۇرۇر ئاغۇسى كۆپ.

تۆشمەگەي ھاجەت تەبىبگە ئاڭلاغىل،
كەم يېگىل، كەم سۆزلەگىل، كەم ئۇخلاگىل.

ھەر كىشىكىم غەيبىدىن گەر ئۆرسە دەم،
ياغىلۇر باشىغە لەنەت دەمبە دەم.

---

① ھازىق — ئۇستا، ماھىر.
② جانەست — جاندۇر.
③ زەددى — قارشى.

كۆرمەگىل زىنھار ھەركىمنى ھېچىر،
خېپ ئىمەسدۇر ئاغرىتىپ بەرگەن ھېرىر①.

ناكەس② بەدئەسىللەر ئەبلە بولۇر،
كىم بۇلارغە قاتىلۇر گۇمراھ بولۇر.

ھەر كىشىگە ئەۋۋەلەن قىلغىل سالام،
ئاقىبەت دوزەخ ساڭا بولغاي ھارام.

كىم يامان سۆزدىن تىلىنى قىلسە بەند،
گويىيا قىلمىش دورۇر شەيتاننى بەند.

تەڭرىنىڭ دوستىغە قىلغىل جان فىدا،
تا ساڭا ئول بولغۇسىدۇر رەھنەما.

ھەر كىشى ھەق قەھرىدىن تەرسان بولۇر،
ئول كىشىدىن بارچە خەلق لەرزان بولۇر.

شادۇ سېھھەتلىكنى ئاندىن ئىستەگىل،
ئىززەتۇ ھۆرمەتنى ئاندىن ئىستەگىل.

بولماغىل بىگانىلارغە ئاشىنا،
يەتكۈسى جانىڭگە ئاندىن كۆپ جاپا.

① ھېرىر — يىپەك رەخت.
② ناكەس — يامان ئادەم، ئەسكى ئادەم.



كىم ھەسەد قىلسە كىشىنىڭ ھالىدىن،
بى خەبەر ئۆمرى ئۆتكەرۇر ئەھۋالىدىن.

غافىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بولمە غافىل تەڭرىدىن شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي نەريادلار.

## دەر بايان تەبىب ھازىق① مەسەل جانەست②

ھەر تەبىبگە بەرمە قول ئەي دەردناك،
دارۇيى زىددى③ بىلە قىلغاي ھەلاك.

ھەر تەبىب ئالىم دۇرۇر دارۇسى خوب،
گەر تەبىب زالىم دۇرۇر ئاغۇسى كۆپ.

تۈشمەگەي ھاجەت تەبىبگە ئاڭلاغىل،
كەم يېگىل، كەم سۆزلەگىل، كەم ئۇخلاگىل.

ھەر كىشىكىم غەيبىدىن گەر ئۆرسە دەم،
ياغلىغۇر باشىغە لەنەت دەمبە دەم.

① ھازىق — ئۇستا، ماھىر.
② جانەست — جاندۇر.
③ زىددى — قارشى.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئۇرماغىل دەم غەيمبدىن شامۇ سەھەر.

مەن نىچۇك ئەيلەي كۆكۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەر بايان فەزىلەتى فەرايىزىها ①

فەرزلەر بىسياردۇر بىل ئەي ئوغۇل،
ياد ئال بۇ پەندىنى بولماي مەلۇل.

فەرزلەردە ئۆزنى بىلمەك قەرزدىيەت،
ھەر كىشىدە بار دۇرۇر چەندان سۈپەت.

كى شىجائەتدىن بولۇر گوياكى شىر،
كى لەتافەتدىن بولۇر گوياكى ئەر:

گاھ ھەمىشە بىرلە ئول ئەنقا بولۇر،
گاھى مىكرى بىرلە ئول رەۋباھ② بولۇر.

---

① فەرايىزىها — زۆرۈرى ئىشلار.
② رەۋباھ — تۈلكە.

غەيبدىن دەم ئۇرسە ئىسانى چىقار،
كۇفرى ئىلىدىن ئاقىبەت جانى چىقار.

ئەي قاياشىم غەيبدىن دەم ئۇرماغىل،
گەر كىشى دەم ئۇرسە سەن ئولتۇرماغىل.

غەيبدىن دەم ئۇرغان ئول بولماس ئامان،
ھەم جەھەننەم ئىچرە قالغاي جاۋىدان.

گەر كىشىكىم غەيبدىن بىر سۆز دىسە،
يوق ئەجەب ئاندىن خۇدا يۈز ئۆرسە.

ئول مۇنەججىم خەلق ئارا ئەبلە بولۇر،
دالۇچى ① ۋە قۇرئەچى گۇمراھ بولۇر.

ئەلھەزەر، يا ئەلھەزەر، ئەي ئەلھەزەر،
غەيبدىن كىم دەم ئۇرار قىلغىل گۇزەر.

غەيبدىن كىم دەم ئۇرار ئىسيان سەخت②،
ئول كىشىنى بىلگەيسەن دەججال ۋەقت.

غەيبدىن كىم دەم ئۇرار ئۇر باشىغە،
ياغماغاي رەھمەت ئانىڭكى باشىغە.

---

① دالۇچى — پالچى، قارىسىغا سۆزلىگۈچى.
② ئىسيانى سەخت — قاتتىق گۇنا.

كى دەلدۈرلىك ① تەن بولۇر گويا شۈتۈر ②،
كى زەلىللىكدىن بولۇر گوياكى مۇر③.

كى مۇزەررەتدىن④ بولۇر زەنبۇر ⑤ كەبى،
كى مۇرەۋۋەتدىن بولۇر تەنبىر كەبى.

كى قانائەت بىرلە ئۇل ئىنسان بولۇر،
گاھى پۈرخورلۇق⑥ ئىلە ھايۋان بولۇر.

گاھى بۈلبۈللار كەبى قىلغاي نەۋا،
گاھى سوزلار بىلە قىلغاي سەدا.

گاھى تۇتىدەك بولۇر شىردىن سۈخەن،
گاھى تۈن-كۈن بومدىك بولغاي ئەدەن⑦.

گاھى بىنا⑧، گاھى نابىنا بولۇر،
گاھى پەجمۇردە ⑨، گاھى زىبا⑩ بولۇر.

---

① دەلدۈرلىك — يۈرەكلىك، قورقماس.
② شۈتۈر — تۆگە.
③ مور — چۈمۈلە.
④ مۇزەررەت — زىيانلىق، زىيان.
⑤ زەنبۇر — ھەرە.
⑥ پۈرخورلۇق — نەفسى يامانلىق، كۆپ يەپ-ئىچىش.
⑦ ئەدەن — مۇقىم، جىم تۇرۇش.
⑧ بىنا — پەيدا بولۇش.
⑨ پەجمۇردە — يەنجىلگەن.
⑩ زىبا — گۈزەل، چىرايلىق.



گاھى تىفلى، گاھى پىرانە① سۈپەت،
گاھى دانا، گاھى ھەيرانە سۈپەت.

گاھى لەنگۇ، گاھى خۇش رەفتار ② ئىرۇر،
گاھى خامۇش، گاھى ئۇل گويا بولۇر.

گاھى سۇست ۋە گاھى ھەم چابۇك ③ بولۇر،
گاھى ۋەزمىن، گاھى ھەم سابۇك ④ بولۇر.

گاھى شەررۇ شۇردىن مارۇ چايان،
گاھى خۇشخۇي تىلى شۇكرۇ ⑤ فەشان ⑥.

گاھى كافىر، گاھى ھەم مۆئمىن بولۇر،
گاھى خەۋفلىك، گاھى ھەممەتلى بولۇر،

گاھى بولغاي تىزۇ تۇند ⑦ رەھمانغە قۇل،
گاھى بولغاي تىزۇ تۇند شەيتانغە قۇل.

---

① پىرانە — پىشقەدەملەردەك.
② رەفتار — مېڭىش.
③ چابۇك — تېز.
④ سابۇك — يەڭگىل.
⑤ شۇكر — ھەمدە، رەھمەت ئېيتىش.
⑥ فەشان — ئاشكارا، ئوچۇق.
⑦ تىزۇ تۇند — ناھايىتى تېز.

كى دەلىرلىك ① تىن بولۇر گويا شۇتۇر ②،
كى زەللىلىكىدىن بولۇر گوياكى مور③.

كى مۇزەررەتىدىن④ بولۇر زەنبۇر ⑤ كەبى،
كى مۇرەۋۋەتىدىن بولۇر تەنبىر كەبى.

كى قانائەت بىرلە ئۇل ئىنسان بولۇر،
گاھى پۇرخورلۇق⑥ ئىلە ھايۋان بولۇر.

گاھى بۇلبۇللار كەبى قىلغاي نەۋا،
گاھى سوملار بىلەقىلغاي سەدا.

گاھى تۇتىدەك بولۇر شىرىن سۇخەن،
گاھى تۈن-كۈن بومدېك بولغاي ئەدەن⑦.

گاھى بىنا⑧، گاھى نابىنا بولۇر،
گاھى پەجمۇردە⑨، گاھى زىبا⑩ بولۇر.

---

① دەلىرلىك — يۈرەكلىك، قورقماس.
② شۇتۇر — تۆگە.
③ مور — چۈمۈلە.
④ مۇزەررەت — زىيانلىق، زىيان.
⑤ زەنبۇر — ھەرە.
⑥ پۇرخورلۇق — نەفسى ياماناق، كۆپ يەپ-ئىچىش.
⑦ ئەدەن — مۇقىم، جىم تۇرۇش.
⑧ بىنا — پەيدا بولۇش.
⑨ پەجمۇردە — پەنجىلگەن.
⑩ زىبا — گۈزەل، چىرايلىق.



گاھى تەنلى، گاھى پىرانە① سۈپەت،
گاھى دانا، گاھى ھەيرانە سۈپەت.

گاھى لەنگۇ، گاھى خۇش رەفتار ② ئىرۇر،
گاھى خامۇش، گاھى ئۇل گويا بولۇر.

گاھى سۇست ۋە گاھى ھەم چابۇك ③ بولۇر،
گاھى ۋەزمىن، گاھى ھەم سابۇك ④ بولۇر.

گاھى شەررۇ شۇرىدىن مارۇ چايان،
گاھى خۇشخۇي تىلى شۇكرۇ ⑤ فەشان ⑥.

گاھى كافىر، گاھى ھەم مۆئمىن بولۇر،
گاھى خەۋفلىك، گاھى ھەممەتلى بولۇر،

گاھى بولغاي تىزۇ تۇند ⑦ رەھمانغە قۇل،
گاھى بولغاي تىزۇ تۇند شەيتانغە قۇل.

---

① پىرانە — پىشقەدەملەردەك.
② رەفتار — مېڭىش.
③ چابۇك — تېز.
④ سابۇك — يەڭگىل.
⑤ شۇكر — ھەمدە، رەھمەت ئېيتىش.
⑥ فەشان — ئاشكارا، ئوچۇق.
⑦ تىزۇ تۇند — ناھايىتى تېز.

سۆھبەتى ئالىم كۆڭۈلگە زەر ① ئېتەر،
ئول كىشى ھەق بۇيرۇغاننى ئىز ئېتەر.

پەندى ئالىم كىشىنى ئەززەتلىك قىلۇر،
كىمكى ئەمەل قىلسە جەننەتلىك بولۇر.

پەندى ئالىم ھەرقارا ئۆيگە چىراغ،
بىلمەيىن قىلغان ئەمەل بولماس ياراغ.

ئاڭلاغىل باردۇر ھەر ئۆينى ئاچقۇسى،
پەندى ئالىمدۇر كۆڭۈلنى ئاچقۇسى.

گەر كىشىنىڭ كىم بەھىشتكە مەيلى بار،
سۆھبەتى ئالىمنى قىلغىل ئىختىيار.

ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا ناسەھ② دۇرۇر،
ئەمرىنى قىلغان كىشى سالىھ دۇرۇر.

ئەدلى ئالىم نايەبى③ پەيغەمبەران،
ئەيلەدى بۇ سۆزنى ئول ساھىبقىران④.

---

① زەر — سىڭگەش، ئولتۇرۇش، پەس، ئاستى.
② ناسەھ — نەسىھەت قىلغۇچى.
③ نايەبى — ئورۇنباسارى.
④ ساھىبقىران — زامان ئىگىسى.

گاھى تۈن-كۈن بولغاي ئۇل سىزلىتان قۇلى،
گاھى نەفسىدىن بىزلۇر بىرنان زۇلى.

گاھى شادلىكدىن بولۇر كۈندۈزگى كۈن،
گاھى غەملىغ گويىيا تۈن ئىچرە تۈن.

گاھى جاھىل، گاھى ھەم ئالىم بولۇر،
گاھى ئاشىق، گاھى ھەم زالىم بولۇر.

بۇ سىپەتلەر ھەر كىشىدە باردۇر،
بىلمەسە ھەر كىمكى ئول مۇرداردۇر.

بۇ سىپەتلەر ياخشى بىلغىل ئەي ئەزىز،
تاكى ئاندىن يولغە كىرگىل تىز-تىز.

غافىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بۇ سىپەتلەر ياخشى بىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەر بايان فەزىلەتى ئۆلۈما

ئەي قاياشىم ئىستە ئالىم سۆھبەتىن،
جانۇ كۆڭلۈڭ بىرلە قىلغىل خىزمەتىن.

ئىلىمدىن، ئەمەلدىن بولغاي يېقىن،
ئىلىمسىز - ئەمەلسىز بولغاي لەئىن.

هەر دىيارنىڭ چىراغى ئالىمى،
هەر قارا تۈنىنىڭكى ماھى ئالىمى.

ئىلىم بىرلە سەير ئېتەر ئەرشى ئەلا،
هەم پەلەك، هەم يەرنى تا تەھتەسسەرا①.

ئىلىم بىر ئاتدۇركى خوش رەفتارلىغ،
كىمكى مەركەب ② بولسە كۆرمەس خارلىغ.

ئىلىمسىز هەسرەتتەدۇر پىرۇ جەۋان،
ئىلىم ئىستەپ تۈن-كۈن يۈرگىل راۋان.

هەر دىيارنىڭكى باغى ئالىمى،
هەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى.

ئىككى قىسمى ئادەمى ھۆرمەتتەدۇر،
مۇندىن ئۆزگە بارچەسى هەسرەتتەدۇر.

ئىستەسە ئىلمىۇ هەم قىلسە ئەمەل،
كۆڭلىغە ئىككى جاھان قىلماس خەلەل③.

---

① تەھتەسسەرا — يەرئاستى.
② مەركەب — مىنىلىدىغان نەرسە، مىنىش.
③ خەلەل — ئارىلاش، ئايرىش.

ئەھلى فاسىق ئىچرە ئالىم خاردۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزاردۇر.

ھەر كىشى ئالىمغە يەتكۈرسە زەرەر،
سالغۇسى تەڭرىم ئانى نارى سەقەر.

كىمكى كۆرسە ئەھلى ئالىمنى ھەقىر،
ئۇل كىشىنىڭ بىگۇمان ئۆمرى كەسىر.

ھەر كىشى ئالىمگە كۈلپەت قىلماغاي،
كىمكى قىلسا تەڭرى رەھمەت قىلماغاي.

گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
تەڭرىم ئانى بىگۇمان ئازاد ئېتەر.

پەندى ئالىم كورغە گوياكى ئاسا،
روھىغە ھەم بولغۇسىدۇر كۆپ غىزا.

ھىچ لەززەت ئىلىمدىن خۇشتەر ئەمەس،
ئىلىمسىزلەر خەلق ئارا بىھتەر ① ئەمەس.

ئىلىمسىزلەر خەلق ئارا ئادەم ئەمەس،
ئىلىمسىز ئىككى جاھان مەھرەم ئەمەس.

---

① بىھتەر — ياخشىراق.

ئۆزىدىن غافىل كىشى كامىل دۇرۇر،
سۆزىدىن ھازىر كىشى ھازىر دۇرۇر.

ئىككى ئالەم سۆزىدىن يەتكەي بالا،
ئاقىبەت رەسۋايى خار ئەتكەي خۇدا.

بەزىلەر كافىر بولۇپ ئاخشام ياتار،
بەزىلەر مۆئمىن ياتىپ كافىر قوپار.

ھەر كىشى كۆپ سۆزلەسە ۋەسۋاسىدۇر،
ئادىمى قەيدىدە يوق نەسناسىدۇر.

كىمكى خامۇش بولسە خەيرىنناسىدۇر،
كىمكى كۆپ سۆزلۈكتۇر شەررىنناسىدۇر.

ئەي بىرادەر ئۆتتى ئۆمرۈڭ بىخەبەر،
ھەر كىشى كۆپ سۆزلەسە تاپقاي زەرەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە پادىشاھ ئادىل ۋە زالىملارنى ئەيتۇر

ئەي مەلىك ① سورغىل رەئىيەت ② ھالىنى،
ئىنسۇ ئۈلفەت بىرلە بەرھەم دادىنى.

---

① مەلىك — پادىشا.
② رەئىيەت — خەلق، پۇخرا.

هەر كىشىنىڭ ئىلمى يوق ھايۋان دۇرۇر.
قىلغان ھەر فېئلى ئانىڭ ئىسيان دۇرۇر.

ئىلىمغە قىل ئەي قاياش ئۆمرۈڭنى سەرپ.
بەھرە ئالغىل ئىلىمدىن بىر نەچچە ھەرپ.

…ىمىز ئۆتكەرمە ئۆمەر ئەي خاسۇ ئام.
تېز-تۇند قىلغىلۇ تۈن-كۈن بەردەۋام.

غاپىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئىلمىمىز، ئەمەلىمىز تاپقاي زەرەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىلدە كۆپ سۆزلەمەكنىڭ قەبىھلىكىنى ئەيتۇر

ئەلھەزەر، يا ئەلھەزەر، ئەي ئەلھەزەر،
ھەر كىشى كۆپ سۆزلەسە قىلغىل گۇزەر.

---

بى خەبەردۇر ھەر كىشى كۆپ سۆزلەسە،
مەئنەسى يوق سۆزنى ھەر كىم كۆپ دېسە.

بى خەبەر ئۆتكەرمە ئۆمرۈڭ ئەي مەلىك،
قالمىغاي ئۇشبۇ جاھان ئىككى تىرىك.

سەلتەنەت ھەشمەت سولايمان ① دېك ئەمەس،
ئۆمرى ھەم ئول نوھۇ ② لوقمان ③ دېك ئەمەس،

ئەي مەلىك قۇللۇغدە ئىبراھىمچە بول،
پادشاھلىق قىل ۋە ئىبراھىمچە بول.

قىل ئۆزۈڭغە ماسىۋىللانى ھارام،
بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي شاھۇ ئام.

ئەي مەلىك ئۆتكەرمە ئۆمرىڭ بى خەبەر،
ئاخىرىڭ پىكرىنى قىل شامۇ سەھەر.

ھەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان نىيەتى دىھقان

دىھقەنا نىيەت تۈزۈپ ساچقىل ئۇرۇق،
ساچسە نىيەتنى تۈزۈپ ئالماس قۇرۇق.

---

① سۇلايمان، ② نوھ — پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى.
③ لوقمان — ھۆكۈما، (ئەلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر تېبىبنىڭ ئىسمى.)

ئول رەئىيەت ھالىدىن ئاگاھى بول،
ئەدلى قىل ئىككى جاھاندە شاھى بول.

زۇلۇمنى كۆپ قىلسە دۆلەتتىن تۈشەر،
يۈزلەسە كۆب كۈلسە ئىززەتدىن تۈشەر.

ئەي مەلىك ئەندىشە قىل بالا ۋە پەست،
يەتمەگەي مۇلكۇڭغە ھەر ياندىن شىكەست.

شاھى ئادىل شەھرىغە نىئمەت دۇرۇر،
شاھى زالىم شەھرىغە لەنەت دۇرۇر.

شاھى ئادىل شەھرىغە نىئمەت ياغار،
شاھى زالىم شەھرىغە لەنەت ياغار.

شاھى ئادىل شەرئىنى پەيدا قىلۇر،
شاھى جاھىل فىتنى پەيدا قىلۇر.

ئەي مەلىك شەرئىدە بول سابىت قەدەم،
يەتمەگەي ئىككى جاھاندە ھىچ غەم.

ئەي مەلىك، شاھ بولغىل ئامما مۇتتەقى،
بولغايسەن ئول ئالەم ئىچرە ھەم تەقى.

يوقتۇر شاھغە ئەدامدىن ياخشى ئەمەل،
شاھغە ھەم لازىم بولۇر چەندان ئەمەل.

پىتنە قىلماق خۇنى ناھەقدىن يامان،
پىتنەچى بىراماس جەھەننەمدىن ئامان.

خۇنى ناھەق پىتنەدىن پەيدا بولۇر،
پىتنەدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر.

قىلسە پىتنە ئاشكارا يانەھان،
قالغاي ئول دەۋزەخ ئىچرە جاۋىدان.

ئۇشبۇ ئالەم پىتنەدىن بولغاي خاراب،
پىتنەدىن كۆبراق كىشى كۆرگەي ئازاب.

كىمكى قىلسە پىتنە ئول مەرۋانى خەر،
بولغاي ئول مەھشەر كۇنى ئىتتىدىن بەتەر.

پىتنەدىن يۈز ئۆرسە رەھمەت ياغار،
پىتنەنى دوست تۇتسە كۆپ لەنەت ياغار.

كىمكى يۈرسە پىتنەدىن ھەردەم قاچىب،
جەننەتول فىردەۋس ئاڭا بولغاي نېسىب.

پىتنەدىن بولغىل يىراق ئەي خاس ۋۇ ئام،
پىتنەچىغە قىلدى جەننەتنى ھارام.

پىتنەنى تەرك ئەتسە ئىززەتلىك بولۇر،
ئورنى شول سائەتدە جەننەتلىك بولۇر.

قىلسە دىھقان ياخشى نىيەتنى داۋام،
ئۆكسۈمەس ھەرگىز ھوسۇلى ۋەسسالام.

بەدنىيەت بىرلە ئەگەر ساچساڭ ئۇرۇق،
بولماغاي ھەرگىز ھوسۇل قالغۇڭ قۇرۇق.

بەدنىيەتدىن ئارزۇ نىئمەت كام بولۇر،
بولغانى بىرلە بىراۋغە يەم بولۇر.

دېھقانا، كۆپ ئاشۇ نان بەر بى رىيا،
بى رىيا قىلغان ئىشىڭ بولغاي پەنا.

بى رىيا بەرسەڭ ئەگەر كۆپ ئاشۇ نان،
بولغايسەن دەۋزەخ ئازابىدىن ئامان.

رائى ① ئول دېھقانكى نان بەرگەي رىيا ②
بولغاي ئول مەھشەر كۈنىدە رۇسىيا.

دېھقانا، ئۆمر ئۆتتى بەدنىيەت بىلە،
ھەق ئىلە ئۆمر ئۆتتى بەد ھالەت بىلە.

قىلسە دېھقان بۇ نەسىھەتنى قوبۇل،
ئالغاي ئول بىر دانىغە ئون بىر ھوسۇل.

---

① رائى — رىيا قىلغۇچى.
② رىيا — كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قىلىنغان ئەمەل.

ھەر كىشى بىر يەردە كۆپ ئولتۇرمىغاي،
گەر كىشى ئولتۇرسە كۆڭلى ئاغرىغاي.

سەير قىلسە ھەر كىشى تاپقاي فەرەھ ①،
كۆڭلى بولغاي گويىيا قەۋسى قەزەھ ②.

سەيردە ھەردەم كۆڭۈل تاپقاي جالا،
بولسە بىر يەردە مۇقىم كەلگەي بالا.

ھەر كىشى سەير ئەيلىسە خۇشبۇي بولۇر،
گويىيا ئاقان سۇ ھەم خۇشبۇي بولۇر.

گەر ئاقىن سۇ تۇرسا بى لەززەت بولۇر،
كىمكى كۆپ ئولتۇرسە بى ئىززەت بولۇر.

ھەر كىشى ئۆي ئىچرە مېھنەت ئىچرەدۇر،
ھەر كىشى سەير ئىچرە راھەت ئىچرەدۇر.

پۇرخورا، ئۆمر ئۆتتى سەيرىڭ سەير ئېمەس،
كۆپ يېمەكلىك بىرلە قورساق سەير ئېمەس.

سەير ئېتىب ئۇشبۇ جاھان بولماس تامام،
نېئمەتى ئالەمنى يەب بولماس تامام.

---

① فەرەھ — خۇشال، شاتلىق.
② قەۋسى قەزەھ — ياچاقنىڭ يېيى، چۆچىسى.

پىتنەچى ئىككى جاھاندا خاردۇر،
پىتنەچىلەردىن خۇدا بىزاردۇر.

تەۋبە قىلغىل پىتنەگە بول ھەق شۇناس،
قىلغاي ئۇل غوفۇران ① جەھەننەمدىن خالاس.

غاپىلا ئۆمەر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ياخشى نىيەت بىرلە بول شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## دەربايان ئەھۋالى كاسىب

دىنۇ مىللەتنى بىلىپ قىلساڭ ھۈنەر،
قىل تەۋەككۇل ھەقغە چەندان خەرج ئۆتەر.

گەر كاسىب كۆڭلىنى ھەقدىن شاد ئېتەر،
ئىككى ئالەم ھەق ئانى ئازاد ئېتەر.

شەرئىدە كەسىپنى قىلساڭ خوب دۇر،
ئۇشبۇ ئىشقا روھ ھەم مەرغۇب ② دۇر.

---

① غوفۇران — كەچۈرگۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى خۇدا.
② مەرغۇب — قىزىقىشلىق، قىزغىن.

بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر قەسرى جەمىل①
بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا ئەغىل.

بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گۈلشەن كەبى،
بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گۈلخان كەبى،

بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ۋەيرانە دېك
بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر پەرۋانەدېك

بەزلەرنىڭ كۆڭلى خۇشبۇيلۇق بولۇر،
بەزلەرنىڭ كۆڭلى بەدبۇيلۇق بولۇر.

بەزلەر كۆڭلى جالا، ئۈستۈن جالا،
بەزلەر كۆڭلى قارا، ئۈستۈن قارا.

بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ئاققان سۇدېك،
بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر تۇرغان سۇدېك.

بەزلەرنىڭ كۆڭلى شاد كۈندۈزكى كۈن،
بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر تۈن ئۈچرە تۈن.

بەزلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ساھىب جامال،
بەزلەرنىڭ كۆڭلىدەدۇر مالۇ ئايال..

---

① قەسرى جەمىل — گۈزەل سارايى، گۈزەل ماكان.

غانىملا ئۆمەر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
بول مۇجەررەد سەير قىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىرغەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان ئادەمشۇناسلىق

خەلقىنىڭ ھالىنى بىل ئەي ئادەمشۇناس،
بۇ قەدەردۇر بەگۇمان قىلغىل قىياس.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گەنجى گىران①،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر رەنجى گىران.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر پەررەندىدىك،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر چەررەندىدىك②.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ئەسبى راۋان③،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گاۋى دىۋان④.

---

① گەنجى گىران — ئېغىر خەزىنە، تۈگىمەس خەزىنە.
② چەررەندىدىك — ئوممىلىگۈچىلەردەك.
③ ئەسبى راۋان — تېز ماڭىدىغان ئات.
④ گاۋى دىۋان — تېز ماڭىدىغان كالا.

گەر يىمسە ئىسيانغە مايىللىق قىلۇر،
تەڭرى پەرمانىغە جاھىللىق قىلۇر.

گەر يىمەككە ھەر كىشى چالاكدۇر،
بەزمان ھەلقى ئانىڭ ناپاكدۇر.

گەر كىشى ناپاك ھەتنى ياد ئېتەر،
ياخشى ئەئمالىنى خەلق بەرباد ئېتەر.

كورلار دەريادە زەۋرەق ① تابماغاي،
كىم ھارامخور بولسە رەۋنەق تابماغاي.

يىغماغىل مالى ھارام ئەي بىخەبەر،
ئىككى ئالەم ئىچرە ئول مالىن تىلەر.

زەررەچە ھەققى سىنىڭدە قالماغاي،
زەررەچە گەر قالسا جەننەت بارمىغاي.

كىم ھارامدىن كەيسە جىسمىغە لىباس،
روزى مەھشەر كەيگەي ئول ئوتدىن لىباس.

كىم ھارامدىن يىغسە مال بولماس ئەمىن،
بولغاي ئول مەھشەر كۈنى شەمرى لەئىن.

---

① زەۋرەق — قولۋاق، قېيىق.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر مەيخانىدېك،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر بۇتخانىدېك.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا مازار،
بەزىلەرنىڭكۆڭلىدۇر گويا بازار.

بۇ كۆڭۈللەردىن خۇدا ئەرمەس رىزا،
نى ئۆچۈنكىم يوقتۇرۇر سىدقۇ سافا.

بۇ مەسەل پايانى يوقتۇر ئەي ئوغۇل،
بۇ نەسىھەت ياد ئال قىلغىل قوبۇل.

غافىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئۇشبۇ قىسىم خەلقدىن قىلغىل ھەزەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان كاساپەتى مالى ھارام

كىمكى يېغسە جەھدىلە مالى ھارام،
قىلغۇسىدۇر تامى بەر بالايى تام ①.

---

① تامى بەربالايى تام — تام ئۈستىگە تام ئەتمەك.

غاپىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
سەن تەلەپ قىلغىل ھالال شامۇ سەھەر.

مەن ئىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي دەريادلار.

## دەربايان شەراپەتى مالى ھالال

ئەگەردىن ھەركىم تىلەر مالى ھالال،
شۇل زامان يەتكۇرگۇسىدۇر زۇل جالال①

كىم ھالالخور بولسە تائەتلەر قىلۇر،
كىم ھارامخوردۇر كاساپەتلەر قىلۇر.

كىم ھالالى ئىستەسە رەھمەت قىلۇر،
كىم ھارامنى ئىستەسە لەنەت قىلۇر.

ھەلقىغە ھەركىم ھالالدىن رىز ئىبتەر،
ھەق تەئەلا رەھمىتىنى تىز ئىبتەر.

مەنپەئەت قىلماس ھارامخور تائەتى،
دەمبەدەم لەنەت ياغار ھەر سائەتى.

---

① زۇل جەلال — كاتتىلىقنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدا.

ھەر كىشىدە بىر دەرەم بولسە ھارام،
قالغۇسى مەقسۇدى ئانىڭ ناتامام.

بەرمىسە ھەر كىمكى جىسمىغە زەكات،
بولماغاي ھەرگىز جەھەننەمدىن نەجات.

تەن زەكاتى بۇدۇر تائەت ئىشلەمەك،
تۇنۇ كۈن ئىچرە ئىبادەت ئىشلەمەك.

كىمكى فاسىقدۇر ھارامخوردۇر بىلىڭ،
كىمكى سالىھدۇر ھالالخوردۇر بىلىڭ.

كىم ھارامدىن ئىچسە گەر بىرقەترەئاب ①،
بولماغاي ھەرگىز دۇئاسى مۇستەجاب ②.

بىر دەرەم كىرسە ھارامدىن ئەي ئوغۇل،
ئاقىبەت چىققاي ئېلىپ ھەميانده پۇل.

غافىلا جەم ئەيلەمە مالى ھارام،
قىلماغاي رەھمەت خۇدايى لايەنام③

① قەترە ئاب — تامچە سۇ.
② مۇستەجاب — ئىجابەت، ھەل بولۇش.
③ لايەنام — ئۇخلىمايدۇ، ئۇيقۇسىز.

ياخشى بولسە ھەر كىشىنىڭ نىيىتى،
باشىغا تۈشمەس يامانىنىڭ نىيىتى.

ھەر كىشىكىم پاك بوستان ئىچرەدۇر،
ئول كىشى دائىم ئىبادەت ئىچرەدۇر.

ھەر كىشى ھەر كۈندە قىلسە غۇسلى بىر،
ئىككى ئالەم خەلق ئارا بولغاي ئەمىر.

ھەر كىشى دائىم تاھارەت ئىچرەدۇر،
ئول كىشى دائىم ئىبادەت ئىچرەدۇر.

ئالسە ھەر ئازىنەدە ساچۇ بۇرۇت،
دىنى ئىمانى ئانىڭ بولماس نابۇد.

ھەر كىشى ئۈچ كۈندە ئالغاي تىرناقىن،
ئول كىشىغە بولغاي ئىمانى يېقىن.

گەر ۋۇزۇ ① ئۈستۈن ۋۇزۇ قىلسە كىشى،
نۇرى ئۈستۈن نۇرلۇغ بولغاي ئىشى.

ھەر كىشى دائىم تاھارەتلىك دۇرۇر،
ئىككى ئالەم ئىچرە ئول ھۆرمەت كۆرۈر.

① ۋۇزۇ — تاھارەت، يۇيۇنۇش.

كىمكى ئىزلەر دائىما رىزقى ھالال،
گويىيا ئۇ ئىستىمىشمدۇر زۇل جالال.

ساقلاسە ھەركىم ھارامدىن قۇرساقىن،
بولغۇسىدۇر ئۇل جەھەننەمدىن ئەمىن.

رىزقىڭگە رىزقى ھالالنى ئىستەگىل،
قۇۋۋەتىدە زۇل جالالنى ئىستەگىل.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
قىل ئىبادەت تۈنۈ كۈن، شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان فەزىلەتى نىيەت

ياخشى نىيەت نىيىتى تائەت دۇرۇر،
باشىغە رەھمەت ئۇشۇل سائەت ياغۇر.

ياخشى نىيەت بىرلە بولغىل ئەي ئوغۇل،
بۇ نەسىھەت ياد ئال قىلغىل قوبۇل.

ياخشىراقدۇر ھەر ئەمەلدىن نىيىتى،
ياخشى نىيەتلىك تاپۇر كۆپ ئىززىتى.

شەيخ ئولدۇر قىلمىغاي دۇنيا ئۈمىد،
شەيخ ئەگەر قىلسە ئۈمىد بېلغاي پەلىد①.

شەيخ ئەگەر بىسيار دۇنيا دارىدۇر،
بىگۇمان بىلغىل ئانى مۇردارىدۇر.

شەيخ ئەگەر دۇنيا ئۈچۈن تىلسادۇئا،
شەيخى سادىق ئەرمەس ئول شەيخى دۇغا②.

شەيخ دۇنيادارىنىڭ ئىمانى يوق،
ئاقىبەت ئول شەيخىنىڭ ئىمانى يوق.

شەيخ ئەگەر دۇنياغا بولسە مۇبتىلا،
بىگۇمان ئول شەيخدىن ئىمان جۇدا.

شەيخ ئەگەر دۇنياغە قىلسە جان فىدا،
بولمىغاي ھەرگىز جەھەننەمدىن جۇدا.

شەيخ ئەگەر دۇنياغە ئەندەك قىلسە مەيل،
كىرگۈسى دەۋزەخقە ئول دەۋزەخكى ۋەيل③.

شەيخ ئەگەر قويسە تەمەئدىن بىر قەدەم،
ھەق ئاڭا لەنەت يىبارگەي دەمبە دەم.

---

① پەلىد — ناپاك، نىجاسەت.
② دوغا — ئالدامچى، يالغانچى.
③ ۋەيل — دەۋزەخ ئىسمى.

ھەر كىشى بولسە تاھارەتلىك دائىم،
ئاقىبەت بولغاي شەھىد ئەي خاسۇ ئام.

كىشى نېمەت كۆرۈپ قىلغاي قانائەت،
كىشى دەرۋىش تاپىپ قىلغاي ساخاۋەت.

كىشى ئىمان تاپىپ قىلغاي ھالاۋەت،
كى ئاندىن تەڭرىگە قىلغاي ئىبادەت.

غافىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
مەھۋە① قىل ھەستىلىكنى ھەر شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## ئەھۋالى شەيخ② نى ئىمتىياز③ قىلماق بايانىدە

ھەر كىشىكىم شەيخلىق دەۋا قىلۇر،
شەيخ ئىمەسدۇر بەھۇدە غەۋغا قىلۇر.

① مەھۋە — ئۆچۈرۈش، تازىلاش.
② شەيخ — ئۇستاز، تەربىيىچى، رەھبەر، يېتەكچى، قەبرى ئەركىشى.
③ ئىمتىياز — ئايرىش، پەرق ئېتىش، تونۇش، چۈشىنىش.

شەيخى ئامى ئىلكىمدە رەڭلىك ئاسا،
شەيخى ئالىم كۆڭلىمدە سىدقۇ سافا.

ئەي بىرادەر شەيخلىك قىلماق ھەۋەس،
شەيخلىك مۇشكۈل دۇرۇر ئاسان ئەمەس.

شەيخ گەر ئامدۇر قىلماق ئېتىقاد،
ئۇشبۇ قىسىم شەيخدىن قىل خەيرىباد①.

ھەر كىشىنى مىكرىلە قىلغاي مۇرىد،
كۆزلەمەس ئىش ئاخىرىن چىركىن پەلىد②.

گەر مۇرىد ③ لىققە كىشىدىن ئالسە دەست④،
دىن ئاساسى شول زامان بولغاي شىكەست.

شەيخ ئولدۇر تۇتمىغاي دۇنيانى دوست،
قورقۇبان ھەقدىن قالۇر ئۇستىخان، پوست.

شەيخلەر ھالى بۇدۇر ئەي خاسۇ ئام،
بۇ نەسىھەت ياد ئالغىل ۋەسسالام.

---

① خەيرىباد — خوشلاشماق.
② چىركىن پەلىد — پاسكىنا، نىجىس.
③ مۇرىد — شاگىرت، ئەگەشكۈچى، تەربىيەلەنگۈچى، تالىپ-روھى پەرزەنت.
④ دەست — قول، ۋەدە.

شەيخ ئەگەر قىلسا تەمەئدىن بىر دۇئا،
باشقا لەنەتنى ياغدۇرغاي خۇدا.

شەيخ ئەگەر پەررەندى مالنى ياد ئېتەر،
شۇل زامان يەر يۇتقالى فەرياد ئېتەر.

شەيخ ئەگەر زىننەتنى قىلسا ئىختىيار،
بولغۇسىدۇر ئىككى ئالەم خارۇزار.

شەيخ ئەگەر دۇنيا بىلەن ھەمراھدۇر،
ھېچ شەك يوقتۇركى ئول گۇمراھدۇر.

سۆزلەسە ھەر شەيخ مالا يەئنى① دىن،
بولغاي ئول سائەتدە تەرسا، گەبردىن.

شەيخ بولغاي شەرئىدە سابىتقەدەم،
ئۇرمىغاي «مەن شەيخ!» دەپ خەلق ئىچرە دەم.

شەيخ بولغاي ماسىۋاللادىن يىراق،
بولسا گەر بۇ قىسمدە ئول شەيخ تاق.

شەيخى نامى② تەربىيەت قىلغاي ۋۇجۇت،
شەيخى ئالىم تۈنۈكۈن قىلغاي سوجۇد③.

---

① مالايەئنى — بىھۇدە گەپ، ئورۇنسىزلىق.
② شەيخى نامى — نادان، بىلىمسىز، جا شەيخ.
③ سۇجۇد — سەجدە.

بىر دەرەم كىم بەرسە كۆڭلىن شاد ئېتەر.

هەر كىشى سوفى دىسە ئەئىيان قىلۇر،
چەرخ ئۆرۈپ ئالددە ئول ئەفغان قىلۇر.

بىر دەرەمغە بولغاي ئول پەرۋانەۋار،
سوفىلار بەزمىدە يوق ئول نابىكار.

سوفى ئامى سۈرىتىنى ئوخشاتور،
دامۇ تەزۋىر ① بىرلەئەلنى يۇمشاتور.

سوفى بولغاي شەرئى ئىچرە ساپۇ ساپ،
قىلماغاي هەرگىز شەرىئەتغە خىلاپ.

سوفى گەر قويسە تەمەئىدىن بىر قەدەم،
بولغۇسى ئول سوفىلار ئىتدىنمۇ كەم.

سوفى گەر دۇست تۇتسە بىر پۇل ساپ ئېمەس،
سوفىلارگە ئۇشبۇ ئىش ئىنساب ئېمەس.

سوفى ئۆزدىن ئۆزگىلەرنى كۆرسە پەست،
دىن ئاساسى شول زامان بولغاي شكەست.

---

① تەزۋىر — هىلە - مىكىر.

غاپىللا ئۆمەر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
شەيخلىقتە راست بول شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## دەربايان ئەھۋالى سوفى① ئامى②

ئەمدى ئەيتاي سوپىلارنىڭ رەسمىنى،
ئام لارنىڭ، خاس لارنىڭ ۋەسفى③نى.

سوفى گەر ئامى ئىرۇر ئەييار④دۇر،
مال جەمئى ئەيلەرگە ئول تەييارىدۇر.

سوفى گەر ئامى دۇر ئول غەۋغا قىلۇر،
ھەر ئىشكدە ئۆزىنى رەسۋا قىلۇر.

ئامى سوفى تۈن كۈن فەرياد ئېتەر،

---

① سوفى — گۇنادىن يانىپ ياخشى يولغا ماڭغۇچى، قەلبىنى تازىلىغۇچى.
② ئامى — ئىلىمسىز، نادان.
③ ۋەسفى — سۈپىتى، ئالاھىدىلىكى، ئەھۋالى.
④ ئەييار — ئالدامچى.

غافىل ئۆمرى ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
سوفىلىقدە ساپ بول شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار،

## دەربايان نەفسى بەد

نەفسى بىر ئۇشتۇر تۇرۇر ياشۇ قېرى،
سەمرىسە چىقار قاتاردىن تاشقارى.

سەمرىسە ھەرجان ھەر جايى بولۇر،
تەبرىسە ھەريان رەسۋايى بولۇر.

ئۆشبۇ سۆزگە ئەي ئوغۇل سالغىل قۇلاق،
يولغە كىرمەسدىن بۇرۇن كۆندۇر ئۇلاق.

نەفسدىن بولماق خالاس ئاسان ئېمەس،
نەفسدىن بولماي خالاس ئىنسان ئېمەس.

سايەسىدىن ھەر كىشى بولمەس جۇدا،
نەفسى ھەم مۇنداغ پەنا بەرگەي خۇدا.

ھەر كىشىكىم نەفسدىن ئېمىن ئېمەس،
بىگۇمان بىلگىل ئانى مىسكىن ئېمەس.

ئامى سوفى سوئنلىق يولىدا كاج ①،
دامى مىكرۇ ھىلەدىن قىلغاي سەفاچ ②.

ئىلىمسىز سوفىغە ھەرگىز قىلمە سىدق،
ئىلمىسىز سوفى قىلۇر ئىسيانى فىسق.

كىمكى ئەن سوفى دىسە ئول خام دۇر،
بىلگەيسەن كىم خاس ئىمەس ئول ئام دۇر.

مالۇ پەرزەنددىنى ئول كۆرگەي بەقا ③،
كۆرمىگەي مەھشەر كۈنى ھەرگىز لىقا ④.

ھەم دىگەي ئۈشبۇ جاھان قىلغاي ۋاپا،
كۆڭلىدە يوقدۇر ئانىڭ سىدقۇ سەفا.

ئىلمىسىز سوفى قىلۇر ئىسيانى بەخت،
سوفى ئەرمەس بەلكى ئول دەججال ۋەقت.

سوفى بولغاي ماسىۋاللادىن يىراق،
ئەھۋە قىلسە ھەستىلىغىن ئول سوفى تاق.

---

① كاج — تەتۈر، ئەگرى.
② سەفاچ — سەللە.
③ بەقا — مەڭگۈلۈك.
④ لىقا — دىدار.

نەفس بىر مەككارۇ بىر ئەيياردۇر،
دام مىكرۇ ھەلەسى بىسياردۇر.

دام ـ مىكرۇ ھەلەسىدىن قىل ھەزەر،
قىلماغىل ھەرگىز بۇ ئاللەمگە نەزەر.

ھەر نىمە كىم نەفس ئاڭا مايىل بولۇر،
قىلسە ھەركىم شول زەمان جاھىل بولۇر.

نەفسنىڭ ئەمرىنى قىلمە ئەي غەرىب،
بولغايسەن تەڭرى تەئەلاغە قەرىب①.

ھەر نىمە كىم بار بۇ ئالەم زىننەتى،
كىمكى مايىل بولسە بولغاي لەئىننەتى.

باردۇرۇر بىسياردامۇ دانەلەر،
بولدىلار ئاندىن يىراق مەردانەلەر.

ئەيدىلەر ئۆممەتكە تاجىلئەنبىيا،
جەڭگى ئەسغەر②، جەڭگى ئەكبەر③ دىندىيا.

---

① قەرىب ـــ يېقىن.
② جەڭگى ئەسغەر ـــ كىچىك جەڭ.
③ جەڭگى ئەكبەر ـــ چوڭ جەڭ.

ھەستلىك مەئزە ئەتمەسە دىلرىش ئېمەس،
نەفسىنى تەرك ئەتمەسە دەرۋىش ئېمەس.

قىلماغىل بۇ يولدە نەفسىڭنى رەفىق ①،
بولمە ھەرگىز نەفس بىرلە مۇتتەفىق.

تۈنۈ كۈن نەفسىڭ بىلە قىلغىل ئۇرۇش،
راست قىل ئەسبابى جەڭ ئاندىن تۇرۇش.

كىمسە غالىب نەفسىغە پەھلىۋانى ئىشق،
نەفس گەر غالىب، سالۇر زىندانى فىسق.

ئۇشبۇ جەڭگە قىلغىل ئەۋۋەل ئۆزنى پاك،
پاك بولسە نەفسنى قىلغاي ھالاك.

ھەم يەنە قىلغىل رىيازەت ئىختىيار،
بىگۇمان ئول نەفس بولغاي خارۇ زار.

بولماغىل نەفس ئەمرىغە تېزۇ راۋان،
بولغايسەن ئازادى مەردى نەۋجەۋان.

نەفسىڭ زىددىدە قىلغىل ئىشنى تېز،
ئىككى ئالەم ئىچرە بولغايسەن ئېزىز.

ئەي ئوغۇل نەفسىڭگە مەركەب بولماغىل،
بەلكى تەنھا بول مۇرەككەپ بولماغىل.

① رەفىق — ھەمرا، دوست.

ئۆلۈمغە چارى يوقتۇر ئەي بىرادەر،
ئۆلۈم ۋەھىمىدە ھەر جان بولغاي ئەبتەر①.

ئەجەل بىمارىغە دارۇ تېپىلماس،
ئەجەل گەر يەتمەسە ئاغۇ قاتىلماس.

ئەجەلنىڭ دەردىگە يوقتۇر ئىلاجى،
ئەگەر ئىسسىق، ساۋۇق بولسۇن مىزاجى.

ئەجەلنىڭ لەشكىرى كەلسە كىشىگە،
قارالانماس كىشىنىڭ ھەر ئىشىگە.

بۇ لەشكەردىن قۇتۇلماس شاھۇ گەدالار،
بۇ لەشكەرغە گەدا ۋە شاھ بارابەر.

بۇ لەشكەر كەلسە يانماس ئالماغۇنچە،
ھەمە جان چارە تاپماس بارمىغۇنچە.

كېلىپ تەن مۈلكىگە تۈشكەي بۇ لەشكەر،
ئېلىپ جاننى قىلۇرلار تەننى ئەبتەر.

كىشى يوقتۇر بۇ دەم قىلغاي ئىجابەت،
مەگەر قىلغاي خۇدا ئۇلدەم ئىنايەت②.

---

① ئەبتەر — تۈزۈكسىز، سولتەك.
② ئىنايەت — ئىلتىپات، ياخشىلىق.

جەڭگى ئەسغەر جەڭى كاپىرلار بىلە،
جەڭگى ئەكبەر جەڭى ئۆز نەفسى بىلە.

ئەر ئەمەس كافىر بىلەن جەڭ ئەيلەگەن،
ئەر بۇدۇر نەفسى بىلە جەڭ ئەيلەگەن.

نەفسنى تەتل ئەيلەسەڭ بولغۇڭ مەلەك،
نەفسنى قەتل ئەيلەسەڭ ئورنۇڭ فەلەك.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
نەفسىڭى زىددىنى ئال شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي نەريادلار.

## بۇ پەسىلدە جۇملەئى زىنجانلار ① سەپەر قىلماقنى ئەيتۇر

جۇملە ئالەم ئاقىبەت قىلغاي سەپەر،
بۇ سەپەردە يار تۇرۇر چەندان خەتەر.

كىر مىغىل بۇ يولغە جابدۇقسىز ئوغول،
قىل ئىبادەت تىز - تىز بولمەي مەلۇل.

① زىنجان — جانلىق نەرسىلەر.

كېلىپ تۈشسە بۇ لەشكەر جان بولۇر تەڭ،
قىلالماس بولسە گەر يۈزمىڭ چېرىك جەڭ.

كىشى يوقدۇر ئۇشۇل سائەتدە خەندان،
قىلۇر بىچارەلىكدە ئاھۇ ئەفغان.

ۋەپا كەلمەس ئۇشۇل سائەت كىشىدىن،
بولۇر مەھرۇم ھەمە قىلغان ئىشىدىن.

ھەمە شاھۇ گەدا بىچارەلىكدە،
ياتۇر جان تارتۇشۇر ئەۋارىلىكدە.

ئاياغافىل ئۆزەڭنى ئېھتىيات ئەت،
يۈرەڭنى يۇ بېغىرنى ھەم كاباب ئەت.

ئاياغافىل بۈگۈن قىل ياخشى ئەئمال،
كېچۈر مەئشەر كۈنىدە ياخشى ئەھۋال.

ئايا غافىل بۈگۈنى بىل غېنىمەت،
قىلۇرسەن ئاقىبەت تاڭلا نادامەت.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئەمدى غافىل بولماغىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.



## دەريايان نەفسى كەبىر ۋە نەفسى سەغىر

ئەي بىرادەر نەفس بىر ئەژدەر تۇرۇر،
ئەژدەرى ئەسغەر ئەمەس ئەكبەر تۇرۇر.

ئۇشبۇ ئەژدەردىن داۋام ئول ۋەھمە ناك،
قىلغاي ئول ۋاقتىن تاپىب بىر كۈن ھالاك.

ئەژدەرى ئەييارى ھەم مەككارىدۇر،
نىش زەھەر ئالۇدى ھەم تەييارىدۇر.

گاھى بىدار گاھى خاب ئالۇد ① بولۇر،
گاھى مەرھەم گاھى زەھەر ئالۇد بولۇر.

بولماغىل ھەر سائەت ئىچرە بىخەبەر،
بىخەبەر بولساڭ ساڭا سالغاي زەھەر.

كۆرسەتۇر گاھى ئۆزىنى خۇفتەۋار②،
كۆرسەتۇر گاھى ئۆزىنى مۇردەۋار.

---

① خاب ئالۇد — قاتتىق ئۇخلاش.
② خۇفتەۋار — ئۇيقۇلۇق، ئۇخلاۋاتقان.

كېلىپ تۇشسە بۇ لەشكەر جان بولۇر تەڭ،
قىلالماس بولسە گەر يۈزمىڭ چىرىك جەڭ.

كىشى يوقدۇر ئۇشۇل سائەتدە خەندان،
قىلۇر بىچارەلىكدە ئاھۇ ئەفغان.

ۋەيا كەلمەس ئۇشۇل سائەت كىشىمدىن،
بولۇر مەھرۇم ھەمە قىلغان ئىشىمدىن.

ھەمە شاھۇ گەدا بىچارەلىكدە،
ياتۇر جان تارتۇشۇر ئەۋارىلىكدە.

ئاياغافىل ئۆزەڭنى ئېھتىيات ئەت،
يۈرەڭنى يۇ بېغىرنى ھەم كاباب ئەت.

ئاياغافىل بۇگۈن قىل ياخشى ئەئمال،
كېچۈر مەئشەر كۈنىدە ياخشى ئەھۋال.

ئايا غافىل بۇگۈننى بىل غېنىمەت،
قىلۇرسەن ئاقىبەت ئاڭلا نادامەت.

غافىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئەمدى غافىل بولماغىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.



## دەربايان نەفسى كەبىر ۋە نەفسى سەغىر

ئەي بىرادەر نەفس بىر ئەژدەر تۇرۇر،
ئەژدەرى ئەسفەر ئەمەس ئەكبەر تۇرۇر.

ئۇشبۇ ئەژدەردىن داۋام ئول ۋەھمە ناك،
قىلغاي ئول ۋاقتىن تاپىب بىر كۈن ھالاك.

ئەژدەرى ئەييارى ھەم مەككارىدۇر،
نىش زەھەر ئالۇدى ھەم تەييارىدۇر.

گاھى بىدار گاھى خاب ئالۇد ① بولۇر،
گاھى مەرھەم گاھى زەھەر ئالۇد بولۇر.

بولماغىل ھەر سائەت ئىچرە بىخەبەر،
بىخەبەر بولساڭ ساڭا سالغاي زەھەر.

كۆرسەتۇر گاھى ئۆزىنى خۇفتەۋار②،
كۆرسەتۇر گاھى ئۆزىنى مۇردەۋار.

① خاب ئالۇد — قاتتىق ئۇخلاش.
② خۇفتەۋار — ئۇيقۇلۇق، ئۇخلاۋاتقان.

ئەژدەر ئۆلتۈرمەي كىشى بولمەس كىشى،
تابماغاي رەۋنەق ئانىڭ قىلغان ئىشى.

ئۇل سىپنى مايىل قىلۇر مۇردارىغە،
ئاقىبەت ھەلاكىدىن ئاسقاي دارىغە.

شاھى مەردان بول قىل ئەژدەرنى قەتل،
شىرى يەزدان بول قىل ئەژدەرنى قەتل.

بايەزىد ئولغىل ۋە بول مەردانە پاك،
ياكى قىل مەنسور①دەك سىنەڭنى چاك.

ماۋۇ مەن تەرك ئەيلە بار ئەژدەر سارى،
قەتلە قىل ئەژدەرنى ئۆت ئاندىن نارى.

ئەژدەر ئۆلمەس ھەر كىشى بولغان بىلەن،
بولمىغاي ئادەم باشى بولغان بىلەن.

ئەژدەر ئۆلتۈرمەكنى بىل ئاسان ئېمەس،
ئەژدەر ئۆلتۈرمەي كىشى ئىنسان ئېمەس.

ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا قىلغان ھالاك،
بولدىلار ئاندىن كېيىن مەردانى پاك.

---

① مەنسۇر — ئەۋلىيانىڭ ئىسمى.

مەددەئى ① دىن ھەرزامان ئاگاھى بول،
مەددەئىنى قەتلى قىلغىل شاھى بول.

تۈنۈ كۈن بۇ يولدا بولغىل ۋەھىمناك،
ئىشق پەھلىۋانى بول قىلغىل ھالاك.

بىخەبەر يول بارما ئەژدەرھا سارى،
سەرنەگۈن ② سالغاي سېنى تەھتەسسارى.

تۈنۈكۈن تەسدىقدە دۇر ئول ئەژدىھا،
بولسە غافىل سۈبھى - شام، چاشتۇ زۇھا③.

ئەي ئوغۇل ئەژدەرنى قىل ئەلبەتتە بەند،
بەرمە گۆشت ۋە ياغىۋ شورپا بىرلە قەند.

سەن نەرىفتە④ بولماغىل ئەي خام رىش⑤
ئاقىبەت ئۇرغاي سانگا ۋاقتىدا نىش⑥

ئۇشبۇ ئەژدەردىن ھىزەر قىل يازۇ قىش،
چەربى شىرىن بىرلە قىلمە پەرۋەرىش.

---

① مەددەئى — دەۋا قىلغۇچى.
② سەرنەگۈن — بېشى تۆۋەن بولۇش، يىقىلىش، يوقىلىش.
③ زۇھا — ئاش ۋاقتى.
④ فەرىفتە — ئالداش، ئالدىنىش.
⑤ خام رىش — خام، نادان، پىشمىغان.
⑥ نىش — نەشتەر.

قېنى يۇسۇف① كەبى سىمەن بەدەنلەر،
ياتۇر گور ئىچرە ئول زۇلمەت ۋەتەنلەر.

ئايا غافىل نەقالدى مۇندە شەددات②،
جاھاندە قىلغان ئەردى باغى بۇنياد.

ئايا غافىل بۇلاردىن پەھەم قىلغىل،
كېچە - كۈندۈز ئۆلۈمدىن ۋەھىم قىلغىل.

ئايا غافىل جاھاندە قىلمە ئەشرەت،
ھېمىشە راست قىلغىل دىنۇ مىللەت.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
قىل ھالاك نەفسىڭنى ھەر شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار.
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە بارچە شەيئىنى ئۆزىدىن ياخشى بىلمەكنىڭ باياني

ھەر نىمە ئالەمدە پەيدا قىلدى ھەق،
تۇتماغىل دۇشمەن ئانى بول مەردى ھەق.

---

① يۇسۇپ — پەيغەمبەر ئىسمى.
② شەددات — خۇدالىق دەۋاسى قىلغان پادىشاھ ئىسمى.

ئەژدەرنىڭ قەتلى ئىلە بول مەردانى مەرد،
چۈستى - چابوك① بولغىل ئەي پەۋانى مەرد.

قەتلى قىل ئەژدەرنى ۋە بولغىل ئامان،
بولغايسەن ئەيسا سارى ئاندىن راۋان.

قەتل قىلسە هەر كىشى ئەژدەرنى پەس،
بولغۇسىدۇر گويىيا ئەيسا نەپەس.

ئەژدەر ئۆلتۈرسە كىشى ئەيسا بولۇر،
ئىككى ئالەم خەلق ئارا يەكتا بولۇر.

بولماغىل ئەژدەر سۈپەت قارۇن دوغا،
مۇسادەك قارۇننى سال تەھتەسسەرا.

بولمە غافىل ئۆشبۇ دەردىدىن داۋام،
ئەژدەرىڭنى قەتل قىل ئەي خاسۇ ئام.

ئايا غافىل نە قالدى، مۇندە شەمئۇن②
ئايا غافىل نەقالدى مۇندە فىر ئۇن.

---

① چۈستى - چابوك — چاققان.
② شەمئۇن — ئادەم ئىسمى.

بۇ چەمەننىڭ گۈللەرى بولغاي خازان،
بۇلبۇلى شورىدە دېك قىلغاي ئەفغان.

مەجنۇنۇ پەرھادى ئاشىق ئامى خام،
يەتمەدى مەقسۇدغە قالدى نا تامام.

مەقسۇدى مەجنۇننىڭ ھاسىل ئولمادى،
دەستۇرى لەيلىغە ۋاسىل ئولمادى.

بولسە ئادەم گويىيا خۇرشىدى ماھ،
بەرمەگىل زىنھار كۆڭلۈڭنى ئاڭا.

ھۆسنى رەئناغە كۆڭۈل بەرمەك ھارام،
جان، قولاغىڭ ئىچرە تۇت ئەي خاسۇ ئام.

بولسە گەر گۈلشەن ئارا خۇش رەڭگى گۈل،
گۈل خازان بولسە كۆڭۈل بولغاي مەلۇل.

بولسە بۇ ئالەمدە بىر رەئنا جامال،
بەرمەگىل كۆڭلۈڭنى ئول بولغاي زەۋال.

ھەر نىمە ئالەمدە پەيدا قىلدى ھەق،
قىلمە ھەرگىز ئىئتىراز بول مەردى ھەق.

يوق تۇرۇر ئالەمدە بى مەئنى نىمە،
ھەر نىمە بار بولسە بى مەئنى دىمە.

ھەر دەرەختى بولسە تۇرۇر سەبزەۋار①،
ياكى بولسە بىسەمەر، يا خۇشكۋار②.

مېۋەسىز بولسە تەبەر چەندان نېگەر،
خۇشكۋارى ئوتدە خەندان، ئوبدان كۆيەر.

ھەر سۇنى كۆرسەڭ دىگىل ئابى ھايات،
بىلمەسە سۇ جاندارى بولغاي مامات.

باغبان ئۆندۈرسە باغدە ھەر نىمە،
سەن ئانى زىنھار بىھۇدە دىمە.

ھەر نىمە ئالەمدە ھەق قىلدى بىنا،
بەد گۇمانلىق قىلماغىل ھەرگىز ئاڭا.

بۇ جاھاندە ھەر نىمە پەيدا بولۇر،
ئاقىبەت ئول نەرسە ناپەيدا بولۇر.

گەر چەمەندە بارچە گۈل سابىت بولۇر،
ئاقىبەت ئول بارچە گۈل نابۇد بولۇر.

① سەبزەۋار — يېشىللىق
② خۇشكۋار — قۇرۇق.

ياخشى ئىش كۆپ قىلسە جەننەتلىق دىمە،
قىلسە كۆپ ئىسيان جەھەننەملىق دىمە.

بەندە بول تۈن - كۈندە قىل ھەق ئەمرىنى،
قىلماغىل زىنھار ناھەق ئەمرىنى.

مەردىۋار ئول تەڭرىنىڭ پەرمانىغە،
بول مۇشەررەف تەڭرىنىڭ ئېھسانىغە.

ئاڭلاغىل ھەر كىمكى بولسە خۇدپەرەست①،
ياخشىراقدۇر ئول كىشىدىن بۇت پەرەست.

ئەي ئوغۇل ھەق ئەمرىنى قىلغىل قەبۇل،
زوق ئىلە قىلغىل ئانى بولماي مەلۇل.

ئەي ئوغۇل قىل مائىمەنلىكنى شىكەست،
بارچەلەردىن ئەيلەگەيسەن ئۆزنى پەست.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
مائىمەنلىك قىلماغىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

---

①خۇد پەرەس — ئۆزىنىلا كۆزدەلەندۇرۇش، ئۆزىنىلا يۇقۇرى قويۇش.

ھەق تەئەلا ئىككى ئۆي قىلدى بەنا،
جىن بىلە ئادەمنى پۇر قىلغاي ئاڭا.

ئۆزگە دۈشمەن قىلمە ھەر كىم بولسەلەر،
ئال رىزالىقنى كى ھەركىم بولسەلەر.

شاد قىلغىل بولسە ھەر قانداغ كىشى،
قىلمە تەئرۈز① بولسە ھەر قانداغ ئىشى.

بىلمىگەيسەن كىمگە ھەق رەھمەت قىلۇر،
بىلمىگەيسەن كىمگە ھەق لەنەت قىلۇر.

ھەر كىشى ئۆمرىدە ھەقنى ياد ئېتەر،
لوتفى ھەق گەر بولسە ئىمانى بىتەر.

ھەر كىشى ئۆمرىدە كۆپ ئىسيان قىلۇر،
لوتفى رەھمەتنى ئاڭا ئېھسان قىلۇر.

بولسە گەر يۈز يىل كىشىكىم بۇت پەرەست،
قىلغاي ئانى بىر نەپەسدە ھەق پەرەست.

كىم بىلۇر مەردۇدى كىم، مەقبۇلى كىم،
كىم بىلۇر مەئلۇمى كىم، مەجھۇلى كىم.

---

① تەئرۈز — ئارىلىشىش، توسقۇنلۇق قىلىش.

تۆتسە هەر كىم ئۆزىنى هەددىن يىراق،
ئول كىشىدىن تەڭرى هەم بولغاي يىراق.

ئەهلى ئاقىل بۇ جاهان غەمكىن بولۇر،
بىۋاپالارغە قاچان تەسكىن بولۇر.

ئەي ئوغۇل دىۋ بىرلە بولمە هەمنەشىن،
كىمكى بولسە هەمنەشىن بولمەس ئىمىن.

ئاقىبەت ئول دىۋ سىنى قىلغاي هالاك،
ئەقىل بىلسە دىۋدىن بول ۋەهمەناك.

هەر يامان ئىش بولسە دىۋنىڭ فەئلىدۇر،
هەم يامان ئەندىشە دىۋنىڭ قەۋلىدۇر.

ئاملار كۆڭلىدە بىر دىۋ باردۇر،
دام مىكرو هىلەسى بىسياردۇر.

ئام ئول دىۋدىن قاچان بولغاي خالاس،
قەتل قىلغىل دىۋنى بول خاس ئىچرە خاس.

دىۋنى ئۆلتۈرمەس كىشى بولماس كىشى،
تاپماغاي رەۋنەق ئانىڭ قىلغان ئىشى.

ئەر كىرەك قىلغاي بۇكۈن دىۋ بىرلە جەڭ،
تاكى ئۈندىن ئالغاي ئول ئىلكىگە چەڭ.

## دەربايان ئىلمى لەدۇن

ئەي بىرادەر قىل تەلەب ئىلمى لەدۇن،
ئۆزگە ئىلىم ئاقىبەت بولغاي زەبۇن.

ئەۋۋەلەن ئىلىم ئىستەگىل ئەي ھەق تەلەب،
ئىلىمسىز ھەر ھەق تەلەبدۇر بى ئەدەب.

ھەقنى بىلمەك ئىلمى — ئىلمى خاسدۇر،
مۇندىن ئۆزگە بارچەسى ۋەسۋاسىدۇر.

ئىلمنى ھاسىل قىل ئاما تىزىت نەھان،
تابماسۇن ھەرگىز كىشى نامۇ نىشان.

مۇندىن ئۆزگە بارچە ئىلىمدۇر ھۇنەر،
كەسب دۇر ئول ئىلىم دۇنيالىغ ئۈنەر.

ھەر كىشىكىم ئۆمرىدىن بولسە مەلۇل،
قىلمەس ئول ھەق ئەمرىنى ھەرگىز قەبۇل.

بىلسە ھەقنى ھەر كىشى دائىم يەقىن،
ئول كىشى ھەم تەڭرىغە بولغاي يەقىن.

كىمكى بولسە فىسقى ئىسياندىن خالاس،
بولمىش ئول گوياكى توفاندىن خالاس.

كىمكى بولسە فىسق ئىلە ئىسيانغە غەرق،
ئول بولۇبدۇر گويىيا توفانغە غەرق.

كىمەسىز توفاندىن بولماس خالاس،
تەۋبەسىز ئىسياندىن بولماس خالاس.

كىمەسىز دەريادىن ئۆتكەيمەن دىمە،
تەۋبەسىز ئىسياننى ھەق ئۆتكەي دىمە.

ھەر كىشىكىم بەرسە جىسمىدىن زاكات،
بولغۇسىدۇر ئول جەھەننەمدىن نەجات.

ھەر كىشىنى شاد قىلسە ھەر كىشى،
ئول كىشىنى شاد قىلغاي تەڭرىسى.

ھەر كىشىدىن ھەق ئەگەر خوشنۇددۇر،
ئول كىشى خەلق ئىچرە مشكۇ ئوددۇر.

ھەر كىشى يەتكۈزسە ھەر كىمگە زىيان،
ئول كىشىدۇر گويىيا مارۇ چايان.

چەھلىۋان بول دىۋنى قەتل ئەيلە مەرد،
بولغايسەن ئالەم ئارا مەردانە مەرد.

بەندەئى ھەق دىۋنى ئۆلتۈرگەن كىشى،
دۈشمەن ئول دىۋ بىرلە ئولتۇرغان كىشى.

بۇ جاھان ئول دىۋغە مېھمان خانەدۇر،
ئەھلى داناغە پۇشايمان خانەدۇر.

ئەي بىرادەر قىلمە غەپلەت ئىختىيار،
ھەر كىشى غەپلەتدە ئاخىر شەرمسار.

ھەر كىشىكىم بۇ جاھان غەفلەتدە دۇر،
ئاقىبەت ئىككى جاھان لەنەتتە دۇر.

ئەي بىرادەر تۈنۈ كۈن بىدار بول،
ئەقىل بولسە ئاشىقى دىدار بول.

قىلماغىل ھەر سائەتدە نامۇ نەڭ①،
قىل ئۆزۈڭنى ھەر زامان خاك ئىلە تەڭ.

ھەر كىشىكىم فىسق ئىسيان ئىچرەدۇر،
ئول كىشى گوياكى تۇفان ئىچرەدۇر.

---

① نامۇنەڭ — نام ئاتاق، شان شوھرەت.

## دەربايان غېرىب ...

ئەي غېرىب بولغىل ئەدەب بىرلە تامام،
كىم ئەدەبلىك بولسا ئول بولغاي ئىمام،

ئەي غېرىب قىلغىل ئەدەبنى دەمبەدەم،
كىم ئەدەبلىكدۇر ئاڭا يەتمەس ئەلەم.

ئەي غېرىب بۇ يولدا سەن بولغىل تامام،
پادىشاھى باقىغا بولغىل غۇلام.

ئەي غېرىب ئۆتكەرمە ئۆمرۈڭ بى خەبەر،
ئاھۇ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## دەربايان سىللە رەھىم

گەر كىشىدىن سائىلى مەھرۇم يانۇر،
ئول كىشى ھەق لۇتفىدىن مەھرۇم قالۇر.

ھەر كىشى بى قەيدە① مەۋلانا② بولۇر،
خەلق ئارا بى قەيدە ئەھيانا③ بولۇر.

ھەر كىشىنىڭ گەر ھاۋاسى تازەدۇر،
ئول كىشىنىڭ شەھرى بى دەرۋازەدۇر.

شەھرى بى دەرۋازا غەۋغالىق بولۇر،
شەھرى سەردار④ىغە رەسۋالىق بولۇر.

شەھرى بى دەرۋازىدە بولماس سەلىم⑤،
پادىشاھ ئول شەھرىدە بولماس مۇقىم.

چۈنكە ھەر كىمدە ھەۋايى يا ھەۋەس،
ئول كىشىدۇر گويىيا ئاتەش⑥ پەرەست.

كىم ھاۋالىقدۇر چۈشەر زىندانغە،
ھەم ئۇچار قۇش تۈشكۈسىدۇر دامغە.

ئەي ئوغۇل ھەق زاتىدىن دەم ئۇرماغىل،
يا بىراۋ دەم ئۇرسە سەن ئولتۇرماغىل.

---

① بى قەيدە — چەكلىمىسىز، ئۆز ئالدىغا، ئاساسسىز.
② مەۋلانا — يېتەكچىسىز.
③ ئەھيانا — ھاياتلىرىسىز.
④ سەردار — باشلىق.
⑤ سەلىم — ساغلام.
⑥ ئاتەش — ئوت.

ئەي ئوغۇل سائىلنى سەن قىلغىل رىزا،
ئول سېنىڭ ھەققىڭدە قىلغاي كۆپ دۇئا.

سائىلى كەلسە ئىناياتى خۇدا،
زالىمى كەلسە مۇكاپاتى قازا.

ھەر كىشى بولسە يېتىمغە مېھرىبان،
قالمىغاي دەۋزەخدە ھەرگىز جاۋىدان.

گەر كىشى قىلسە يېتىم كۆڭلىن خاراب،
كۆرگەي ئول دەۋزەخدە ھەر تۈرلۈك ئازاب.

بىر يېتىمنى ھەر كىشى خەندان قىلۇر،
ئۆزىنى جەننەتتە گۈل بوستان قىلۇر.

ئال خەبەر كۈن - تۈن يېتىمنىڭ ھالىدىن،
ئالماغىل ھەرگىز ئانىڭ پۇل - مالىدىن.

ئەي بىرادەر قىل يېتىم كۆڭلىنى شاد،
تۇت قۇلاغىڭدە فەلا تەقھەر①نى ياد.

يېتىمنىڭ ئاھىدۇر بىر تىغى بەرران②،
جوببە جۇشەن③دىن ئۆتكەي تىز - پەرران.

---

① فەلا تەقھەر — ھەرگىز ئاچچىقلىما.
② تىغى بەرران — ناھايىتى ئىتتىك تىغ.
③ جوببە جۇشەن — جەڭ كىيىمى، تۆمۈر كىيىم.

قىلسەلەر ھەر كىم ئەگەر سائىلنى شاد،
جەننەتتىدۇركى ئاڭا قىل ئىئتىقاد.

گەر كىشىدىن سائىلى خوشنۇددۇر،
بەگۇمان ئاندىن خۇدا خۇشنۇددۇر.

ئۆرۈسە ھەر كىمكى سائىلدىن يۈزىن،
ئول كىشىدىن تەڭرى ھەم ئۆرۈر يۈزىن.

كەلسە گەر ھەر سائەتتە سائىل ساڭا،
مەقسەدىنى شول زامان بەرگىل ئاڭا.

قىلماغىل سائىلغە ھەرگىز رەۋتۇرۇش①،
بولمە سائىل ئالدىدە ھەرگىز خاموش.

ئەي ئوغۇل يادىڭدە تۇتقىل ياخشى پەند،
كەلسە سائىل قىلماغىل ئىلكىڭنى بەند.

ئەي ئوغۇل سائىلغە قىلغىل مەرھەمەت،
راست بول ھەرگىز ساڭا بولماس غەلەت.

ئەي ئوغۇل سائىلنى قىلغىل شادمان،
بەگۇمان بولغىل جەھەننەمدىن ئامان.

---

① رەۋ تۇرۇش — چىرايىنى تۇرۇش، چىراي ئاچماسلىق.

تەن ئازابۇ، تەن ئازابۇ، تەن ئازاب،
دىل كابابۇ، دىل كابا بۇ، دىل كاباب.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
يىغلاغىل ئىسيانىغا قان شامۇ سەھەر.

ھەر نەچچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەددىن قىلاي فەريادلار.

## ھىكايەت

بىر كۈن ئۈچ دۇنيا تەلەب بولدى راۋان،
بىر خىشت ئالتۇن تاپتى ئاخىر شادمان.

تەشنائى ئاچ ئەردى مۇددەتدىن بېرى،
مەسلىھەت قىلدىلەر ئول يەردە بىرى.

بىرى كىچىك ئەردى ئاراده ياشقە،
بۇيرۇدى ئانى شەھەرغە ئاشقە.

بەردىلەر ئانىڭ قولىغە ئۈچ دەرەم،
«ئاشۇ نان يەتكۈر بوسائەت دەمبە دەم!»

يولنى ئالدى شەھەرغە بولدى راۋان،
گويىيا يول باردى ئول ئەسبى راۋان.

گەر يېتىمى ئاھۇ يا ئەنغان قىلۇر،
ئەرش بىرلە كۆرسىيى لەرزان قىلۇر.

يېتىم كۆڭلىنى شادئەتكەن ئەمىندۇر،
يېتىم كۆڭلىنى ئاغرىتقان لەئىندۇر.

ئىستەسەڭ ھەقنىڭ رىزاسىن ئەي ئوغۇل،
تۈن - كۈندە يېتىمغە رەھىمدىل بول.

قىلماغىل بۇ ئەمرىغە ھەرگىز خىلاپ،
ھەر يېتىمنىڭ دۇئاسى مۇستەجاب.

گەر يېتىمغە ھەر كىشى سەنگدىل① دۇرۇر،
بىگۇمان ئادەم ئېمەس سەگدىل② دۇرۇر.

قەھرى قىلسە گەر يېتىمغە ھەر كىشى،
قەھرى قىلغاي ئول كىشىغە تەڭرىسى.

قىلسەلەر ھەركىم يېتىملەرگە جاپا،
ئىككى ئالەمدە خۇدا باقماس ئاڭا.

يېسەلەر ھەركىم يېتىمنىڭ مالىدىن،
ئول يەگەي مەھشەردە دوزەخ نانىدىن.

---

① سەنگدىل — تاش يۈرەك.
② سەگدىل — ئىت يۈرەك.

تابىتى ئۈچ تەن بىر خىشت ئالتۇن ناگىھان،
پىتنەلەر ھەم بولدى پەيدا شۇل زامان.

پىتنەدىن ئۆلتۈردى ئۈچ تەن بىر-بىرىن،
نەفسى شەيتان بىرلە بولدى ھەم قىرىن.

ئەي ئوغۇل يادىڭدە تۇت لەيلۇ ناھار،
دەۋزەخ ئىچرە تابىتىلار ئۈچ تەن قارار.

تۈنۈ كۈن بۈلبۈل كەبى قىلغىل نەۋا،
بولغاي ھەقدىن جۈملە ھاجاتىڭ راۋا.

ئەي ئوغۇل گۈنج ئىچرە بولغىل جاۋىدان،
ھەم قانائەت بىرلە بولغىل ھەر زامان.

قىلماغىل نەفسىڭ ئۈچۈن ھەرگىز شىكار،
بولماغاي بۇ ئەيىپ سەندىن ئاشكار.

ئەي قاياش پەھمىدە بولغىل پەھمىدە،
بولغايسەن ئاخىرقى كۈننىڭ ۋەھمىدە.

نالە قىل بۈلبۈلدەك ئەي ئىرخەندەفەر،
ئاچىلۇر باغىڭدە چەندان غۇنچىلەر.

عاقىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئويلا دىنۇ مىللىتىڭنى شامۇ سەھەر.

ئىككىسى بۇ يەردە قىلدى ئىتتىپاق،
«ئاشقا بارغان كەلسە ئۇرغايمىز پىچاق.»

ئول بىراۋمۇ يولدا ئويلاپ مەسلىھەت،
«بىر خىشت ئالتۇن يالغۇز ئالساق مەنپەئەت».

ئاشۇ نانۇ، گۆشنى ئالدى بىر ساغۇ،
سالدى ھەم ئول ئاشۇ نانىغا ئاغۇ.

تېز - تېز كەلدى بۇلارنىڭ قاشىغا،
بۇ ئىككۆلەن ئۇردى ئانىڭ باشىغا.

ئاخىردىل ئەمرى ئۇنى ئۆلتۈردىلەر،
كۆڭلىنى جەم ئەيلەبان ئولتۇردىلەر.

يېدىلەر بىر - ئىككى لوقمە شادى ناك،
شول زامان ھەر ئىككىسى بولدى ھالاك.

بۇ مەسەل مالۇ جاھان ئەي خاسۇ ئام،
بىر خىشت ئالتۇن قالدى ئول يەردە تامام.

بىر - بىرى بىرلە قىرىنداش ئەردىلەر،
غەم بىلە، مېھنەتدە مۇڭداش ئەردىلەر.

بىر - بىرىگە ئەردى مۇشفىق مېھرىبان،
ئەھدى ھەم بارئەردى دوستى جاۋىدان.

بىر دەرەختتى بار ئىدى ئول قەۋمى دون،
تاپىنور ئەردى ئاڭا ھەر كۈنۈ تۈن.

بارچە خەلقى شەھەرنىڭ ئەبلە ئىدى،
نەچچە مۇددەتدىن بەرى گۇمراھ ئىدى.

ھەر كۈنى ھالىنى بىسيار ئۆلتۈرۈر،
ئود ئىلە ئەنبەرنى ئاندە كۆيدۈرۈر.

ھەر تەرەبدىن باش ئۇرار ئەردى ئاڭا،
بارچەسىن جانى فىدا ئەردى ئاڭا.

پۇل ساچار ئەردىلەر ئاندە ھەر غەنى،
ھەر گەدا بولسە بولۇر ئەردى غەنى.

ئېتىقادى خەلقنىڭ بىسيار ئىدى،
جان نەسار ئەتمەككە ھەم تەييار ئىدى.

ئاڭلادى بۇ ھالنى زاھىدى تامام،
چىرلادى ئالدىغە ئاخىر بىر ئاۋام.

بىر تەبەر① ئاندىن تىلەب ئالدى نەھان،
ئول دەرەختنىڭ قاشىغە باردى رەۋان.

«ئۇشبۇ قەۋم نەقىلسە قىلغايلار مېنى،
بارغايمەن دەرھال كەسكەيمەن ئانى».

---

① تەبەر — ئىلاھچ، تىغ.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## ھەكايەت

بار ئىدى بىر زاھىدى زۆھدە ئىبىر، تاقە
شامغە بارماغنى قىلدى ئىستىپاق.

ئەۋلىيالىقدىن نەسىب ئالغان ئىدى،
نەپسىنىڭ ئەمرىدىن ئۇل قالغان ئىدى.

تالىب ھەق ئەردى دائىم بى قارار،
ھەر تۈنى بىدار، ھەر كۈن روزەدار.

ئۆمرىدە ھەق ئەمرىنى قىلغان ئىدى،
نەھىدىن كۆڭلى تىنىب قالغان ئىدى.

شامدىن تا سۇبھىغە گىرىيان ئىدى،
دەۋزەخۇ جەننەت ئاڭا ئەئىيان ئىدى.

كۆردى زاھىد يولدە بىر شەھرى ئەزىم،
بولدى ئۇل شەھەر ئىچرە نەچچە كۈن مۇقىم.

كۆردىكىم شەھەر ئىچرە كارۇ بارىنى،
بارچە خەلق باغلابتۇرۇر زۇننار①نى.

① زۇننار — بۇد.

ئەھدىنى قىلدىلەرۇ تارقاشدىلار،
ئىككىسى ئول يەردە كۆپ مۇڭداشتىلار.

كەلدى زاھىد ئۆيىغە سودا قىلىپ،
خەلق ئارا سوداسىنى غەۋغا قىلىپ.

بولدى زاھىد خەلق ئىچرە خارۇ زار،
يىغلادى ھەر تۈنۇ كۈندە زارۇ زار.

قىلمادى ئىمانى ھەرگىز مەنپەئەت،
روسىيا شەرمەندە بولدى ئاقىبەت.

بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي خاسۇ ئام،
ئاقىبەت بولغاي ساڭا دارەسسالام①.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئاھۇ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي نەريادلار.

---

① دارەسسالام — جەننەت.

ناگهان يول ئۈزره شەيتان ئۇچرادى،
ۋەسۋەسە زاھىدغە ئاغاز ئەيلەدى.

«نى بالا بولدى ساڭا ئەي بەھرەۋەر①،
خەشمەگەن ئىلكىڭگە ئالمىش سەن تەبەر!»

ئەيدى ئول ئىبلىسگە زاھىد ھالىنى،
سالدى زاھىدغە كەمەن ئەيياردىنى.

«ئەيتايەن مەقسەدنى ئەي زاھىد ئوغۇل،
جانۇ كۆڭلۈڭ بىرلە قىلغايسەن قوبۇل.

يان بۇ قەۋلىڭدىن ئەيا پىر خەندەفەر②،
مەن بىرەي ھەر كۈندە بىر خەرۋار③ زەر.

سەن ئالىب ئالتۇننى ئىھسان ئەيلەگىل،
جەننەت ئىچرە باغۇ ئايۋان ئەيلەگىل.

ئەيتايىن ھەقنىڭ رىزاسىنى ساڭا،
ئول دەرەختىن مەنپەئەت يوقتۇر ساڭا.

ھەر كۈنى مەندىن ئوشۇل ئالتۇننى ئال،
بىنەۋاغە خەير قىل جەننەتنى ئال!»

① بەھرەۋەر — مەنپەئەتلىك.
② فىرخەندەفەر — شاتلىق ھاياجاندىن ئايلىنىپ ھوشىدىن ئايرىلغان.
③ خەرۋار — ئېشەكتە، كۆپ ...

ھەر يامان ئەندىشەنى بەددىن يىراق،
بولسە ئول بولغاي بەلىيەتتىن يىراق.

گەر كىشى ئەندىشەنى بەددىن يىراق،
بولسا روھى قىلغاي ئانىڭ تەمتەراق.

بەد گۇمان ئەركى خەتەردۇر ئەي ئوغۇل،
قىلماغىل ئەندىشەنى بەدنى قوبۇل.

قىلدى ئول مۇساغە قارۇن بەدگۇمان،
يەرغە پەرمان قىلدى ئول قادىر - ئوغان.

## ھىكايەت

بىر خاتۇن بار ئەردى ئەمما كافىرە،
ئول خاتۇن تۇل ئەردى ئەمما ھامىلە.

بەردى ئول خاتۇنغە قارۇن سىمۇ زەر①،
«بىر سۆزۈم بار قىلغى مۇساغە خەبەر.

ئەيغايسەن مۇساغە ئەي جان مەزلۇمە،
مەن دىگەندىن ئۆزگەنى ھەرگىز دىمە.

---

① سىمۇزەر — كۈمۈش ۋە ئالتۇن.

## بۇ پەسىلدە گۆرۈگەر ۋە بەد ئەندىشەلەرنى ئەيتۇر

بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي گۆرۈگەر،
ھەر يامان ئەندىشەدىن قىلغىل ھەزەر.

قىلماغىل ھەرگىز يامان ئەندىشەنى،
سالماغىل جىسمىڭغە تىغ تىشە ① نى.

جانىڭ كۆڭلۈڭ ئىچرە تۇت ئەي بەھرەۋەر،
قىلمە ھەر جانغە يامان ئەندىشەلەر.

ھەرگۈنا زاھىر دۇرۇر ئەتئالى بەد،
ھەر گۈنا باتىن دۇرۇر ئەھۋالى بەد.

فەئلى بىرلە ھالىدىن ئالغاي ھىساب،
ھالىدىن كۆبراق كىشى كۆرگەي ئازاب.

ھەر كىشىدە گەر يامان ئەندىشە بار،
بولغۇسىدۇر ئاقىبەت ئول شەرمسار.

بولسە ھەر كىمنىڭ يامان ئەندىشەسى،
تاپماغاي رەۋنەق ئانىڭ قىلغان ئىشى.

① تىشە — پالتا.

ئەيدى ئۇل خاتۇنكى: «ئەي مۇسائى ھەق،
بەردى بۇ سۆزنى ماڭا قارۇن سەبەق...»

ئۇل زامان مۇسا بەدەرگاھى خۇدا،
قىلدى قارۇن ھەققىدە ئۇل دەم دۇئا.

بەردى مۇساكە خۇدا فەرمانىنى،
«ئەي زېمىن قارۇننى يۇت ھەم مالىنى!...»

يۇتتى يەر قارۇننى ئۇل دەم تابەھەلق،
بەد گۇمان قىلغاننى بىلدى بارچە خەلق.

قىلدى چەندان نالە قارۇن روسىياھ،
كەتتى ئۇل ھەسرەت بىلەن تەھتەسسەرا.

بەد گۇمان مۆئمىننى قىلسە گەر كىشى،
ئاقىبەت مۇنداغ بولۇر قىلغان ئىشى.

ئەنبىيائى، ئەۋلىيا ئەئيانى ھەق،
ھەق ئاڭا تەلىم بىرۇر چەندان سەبەق.

ئەھلى مۆئمىندىن خۇدا ئەرمەس جۇدا،
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا ئەرمەس خۇدا.

ئەنبىيايۇ ئەۋلىيالار لايەئۇت،
ئۇشبۇ سۆزنى دائىما يادىڭدا تۇت.

ۋەتى ① قىلدى مۇسائى ئۇمران مېنى،
قالدى ئاندىن مەندە ئول ئابى مەنى.

نەچچە مۇددەتتىن بېرى مەن ھامىلە،
بولدى بۇ پەرزەندى ئەمدى كامىلە.

مۇسا ۋەتىز ئېيتۇردە سەن قىلغىل ئايان،
پارچەمىز كۆڭلىنى سەن قىل شادمان.

ئەرتە ئەيد خەلق ئىچرە قىلغىل ئاشكار،
مۇسا ئول سائەتدە بولسۇن شەرمسار...»

ئەرتەسى جەم بولدى بارچە شادمان،
ئەرۇ ھەم خاتۇنۇ ھەم پىرزو جەۋان.

چىقتى مۇسا مۇنبەر ئۆزرە شول زامان،
ئەمىر بىرلە نەھىنى قىلغاي بايان.

ئول خاتۇن ئول دەمدە ئاۋاز ئەيلەدى،
قارۇن ئەيغان سۆزنى ئىزھار ئەيلەدى.

قىلدى ئول قارۇن دىگەن سۆزنى تامام،
ئاڭلادى بۇ سۆزنى بارچە خاسۇ ئام.

---

① ۋەتى — جىما.

## بۇ پەسىلدە شائىر ۋە ئىلىملەردىن فەيزى ئىلاھىدۇر، ئانى ئەيتۇر

شېئىر ئېيتماغلىق ئىككى قىسمى تۇرۇر،
شائىرى غەيبى ۋە ھەم تەبئى دۇرۇر.

شائىرى گەر بولسە دائىم مەدەمخان،
بولغاي ئول شائىر جەھەننەمدىن ئامان.

شائىرى غەيبى ھەمە پەيزى ئىلا،
بەگۇمان جەننەتدە ھەم كۆرگەي لىقا.

شائىرى تەبئى ھەمە فەھمۇ زەرىف①،
شائىرى غەيبى خۇداغە ھەم قەرىب.

تەبئى پەرۋەر تەبئىدىن دىل شاددۇر،
تەبئىدىن قىلغان ئىشى بەرباددۇر.

شائىرى غەيبى ھەمە ئىنشائۇ ھەق،
شائىرى تەبئى ھەمە ئىمانى شەق.

تەبئى پەرۋەر تەبئىغە مەغرۇردۇر،
دائىما ھەر تۈنۇ كۈن رەنجۇردۇر.

---

① زەرىف — ھوشيار، زېرەك.

كىمكى سالىھ بولسە بىماكىل ئەۋلىيا،
ئەيدىلەر بۇ سۆزنى تاجىل ئەنبىيا.

كىمكى سالىھ بولسە سەن قىلغىل ھەزەر،
كىمكى فاسىق بولسە قىل ئاندىن گۇزەر.

خەلق ئارا ھەركىم ئەگەر مۆئمىن دۇرۇر،
ئىككى ئالەم ئول كىشى ئەمىن دۇرۇر.

گەر كىشى مۆئمىنغە بەد نىييەت قىلۇر،
ئول كىشىغە تەڭرى كۆپ لەئنەت قىلۇر.

ھەر كىشىكىم تىرىنىۋ كۈن ۋەھمدە دۇر،
تەڭرىغە ئول بەندەسى پەھمدە دۇر.

ۋەھمە ئولدۇر ئاخىرەتنىڭ ۋەھمەسى،
ۋەھمىلىقدۇر بولسا ھەركىم پەھمىسى.

ئەنبىيائى، ئەۋلىيا تۈن- كۈن داۋام،
ۋەھمدە قان يىغلاغاي ھەر سۇبھى - شام.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئاھۇ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

ھەر كىشى شەيتانىدىك ئەفزەل مەن دىسە،
بولغۇسىدۇر گەبرو تەرسادىن دىسە.

ھەر كىشى بولغان بىلەن مەقبۇل ئىمەس،
ھەر سۆزى بولغان بىلەن مەئقۇل ئىمەس.

ھەر تىبىب بولغان بىلەن لۇقمان ئىمەس،
كۆزدە ياش بولغان بىلەن ئەفغان ئىمەس.

شائىرا ئۆتتى جاھاندىن قاپىلە،
ئىستەدىڭ دۇنيادا چەندان قاپىيە.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئەمدى ھەقنى ياد قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە جاھان بىۋاپانى ئەيتۇر

ئاڭلا بۇ پەندىمنى ئەي جۇيايى ھەق،
ئىشتىنىڭ دەرسىنى ئال مەندىن سەبەق.

ئىشقىنىڭ تەمسىلى گويا ئوت دۇرۇر،
ھەر كىشىغە تۇشسە ئۇ ئەنسىز قىلۇر.

شائىرلىكىم
مەدھىغە مايىل بولۇر،
ئالەمى غەيبدىن ئاڭا ھاسىل بولۇر.

شائىرى گەر بولسە دائىم مەدھىخان،
پىگۇمان دەۋزەخدىن ئۇل تابقاي ئامان.

قىلسە گەر مەخلۇقنى شائىر تەئرىپات،
بولماغاي دەۋزەخدىن ئۇل ھەرگىز نىجات.

تەبئى پەرۋەر تەڭرى پەرۋەردىن ئىمەس،
سەنگىمدۇر ئۇل سەنگى مەرمەردىن ئىمەس.

شائىرى غەيبى ھەمە سىدقۇ سەفا،
ئالەمى غەيبدىن كېلۇر ھەردەم نىدا.

شائىر ئەشئەرى دىگىل بى ئىختىيار،
ئۇشبۇ ئالەم ئىچرە بولغىل خارۇ زار.

شائىر ئەشئەردىگە بولغىل ئىنتىزار،
مۇنتەزىر بول تەڭرىغە لەيلۇ نىھار.

ھەستىلىك جامىڭنى قىل بىسيار چاك،
بولغايسەن ئاندىن كېيىن مەردان پاك.

ھەركىشى رەنج ئىچرە دۇر، گەنج ئىچرەدۇر،
ھەر كىشى خەلق ئىچرەدۇر رەنج ئىچرەدۇر.

ئۆزگەيسەن ئەلبەتتە مەخلۇقتىن ئۈمىد،
بولغۇسىدۇر پەيزى ھەق ئاندىن پەيدىد①.

ھەر نىمە پانى دۇرۇر بولغىل يىراق،
ئول نىمە كىم باقى② دۇر قىل ئىشتىياق.

ئاپەتى ھەركىمگە شۆھرەتدىن يېتەر،
ئالمتى ھەركىمگە نىمەتدىن يېتەر.

گەر كىشىنىڭ چەشمى③ شەب نەملىكدۇرۇر،
جەننەتول ئەئلا ئاڭا ناملىك دۇرۇر.

ھەر كىشىكىم بولسە دائىم بىقارار،
ئاقىبەت مەئشۇقغە ئول بولغاي دۇچار.

ھەر نىمە كىم نەفس ئەگەر خۇشنۇد دۇر،
بىگۇمان ئول نەفس بىر نەمرۇد دۇر.

ھەر نىمە كىم نەفس قىلسە ئىختىيار،
بولغاي ئول دەرگاھى ھەقدە شەرمسار.

بارچەدىن كىم تۇت ئۆزەڭنى ئەي جەۋان،
بولغايسەن بى شەك جەھەننەمدىن ئامان.

---

① پەيدىد — پەيدا.
② باقى — دائىملىق، مەڭگۈلۈك.
③ چەشمى — كۆزى.

تۆشسە ئوت ھەركىمگە ئول فەرياد ئېتەر،
خانىمانىن كۆيدۈرۈب بەرباد ئېتەر.

قالمىغاي ئول كەسدە جۇز ئۆستىخانى پوست،
بولغاي ھەر سائەتدە ئول ئەھبابى دوست.

ئىشق ئوتى ھەركىمگە تۆشمەس ئەي ئوغول،
كۆب زىرائەتدىن كىشى ئالمەس ھوسۇل.

گەر كىشىدە ئىشق ئوتى غالىب دۇرۇر،
ئول كىشى ھەر تۈن-ۈ كۈن تالىب دۇرۇر.

ھەر كىشىغە قىلماغىل سىرىڭنى پاش،
نىمى شەب① ۋەقتىدە بولغىل دىل خەراش②.

بۇ جاھاننى تۇش كەبى قىلغىل خىيال،
ھەر زامان ھەقدىن تەلەب قىلغىل جامال.

ھەر نىمە كىم ئۇشبۇ ئالەم ئىچرەدۇر،
كىمكى كۆڭلىن بەرسە ئول غەم ئىچرەدۇر.

---

① نىمى شەب — يېرىم كېچە.
② دىل خەراش — كۆڭۈل ئاغرىتىمىش.

هەر كىشىدە ئىشق بار دىل جوش دۇرۇر،
بۇ جاھان سوداسىدىن بەھوش دۇرۇر.

هەر كىشىدە ئىشق بار مەجنۇن بولۇر،
يۈرەكى تا ھەلقىغە پۇرخۇن بولۇر.

هەر كىشىدە ئىشق بار تائەت قىلۇر،
هەر بالايى كەلسە ھەم تاقەت قىلۇر.

هەر كىشىدە ئىشق يوق جاھىل دۇرۇر،
كۆڭلىنىڭ ئايىنەسى زەنگار ئىرۇر.

هەر كىشىدە ئىشق يوق دىلشاددۇر،
گەرچە تائەت قىلسە ئول بەرباددۇر.

هەر كىشىدە ئىشق يوق ئادەم ئىمەس،
ياخشىراقدۇر ئول كىشىدىن خەرس مەس.

هەر كىشىدە ئىشق بار موم دىل بولۇر،
هەر كىشىدە ئىشق يوق سەنگدىل بولۇر.

هەر كىشىدە ئىشق بار ئەيسا بولۇر،
هەر كىشىدە ئىشق يوق تەرسا بولۇر.

هەر كىشىدە ئىشق بار خۇشخۇي بولۇر،
هەر كىشىدە ئىشق يوق بەدخۇي بولۇر.

گەر كىشىنىڭ زوھدى ھەم ئېھسانى بار،
ئول كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئىمانى بار.

نەفسىنى ھەركىمكى قىلسە خارۇ زار،
بولغۇسىدۇر ئول كىشى ئەنقا شىكار.

ھەر كىشىدە ئىشقى بار مەردانەدۇر،
ھەر زامان ئول گويىيا پەرۋانەدۇر.

ھەركىشىدە ئىشقى بار جەۋلان قىلۇر،
سۇبھى - شام، ھەر تۈنۈ كۈن ئەفغان قىلۇر.

ھەر كىشىدە ئىشقى بار خەلقدىن يىراق،
ئول كىشىلەر ھەم يەنە خەلقدىن يىراق.

ھەر كىشىدە ئىشقى بار ۋەيرانەدۇر،
مەقسۇدى يادىدە ئول ھەيرانەدۇر.

ھەر كىشىدە ئىشقى بار ھەيرانە مەست،
تۇتقاي ھەر مەخلۇقدىن ئۆزىنى پەست.

ھەر كىشىدە ئىشقى بار خىلۋەت نەشىن،
ئەھلۇللا بىرلە بولغاي ھەم قەرىن.

ھەر كىشىدە ئىشقى بار تۇغيانى بار،
نىم شەب ۋەقتىدە كۆپ ئەفغانى بار.

ئەي بېرادەر ئۆزنى ھەستىلىكتىن چىقار،
قالماغاي كۆڭلىڭدە مەنالىكدىن غۇبار.

ئاڭلاغىل كۆڭلۈڭدە تۇت ھەي ھەق شۇناس،
پەست يەرگە سۇ ئاقار قىلغىل قىياس.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر كېرەك،
ھەر نەپەسدە ئۆجزدلە تەقسىر كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر كېرەك،
ھەر نەپەسدە زىكرىيۇ پىكىر كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر كېرەك،
دۇنيا ئەسبابىنى تەرك ئەتمەك كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر كېرەك،
مائۇمەنلىكتىن تەمام كەچمەك كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر كېرەك،
بۇلبۇلى مەستىدېك ناۋا قىلماق كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر، كېرەك،
ئاھ بىرلە نالە ۋە ئەفغان كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر كېرەك،
بار خەسۇ خاشاكدىن پەست بولماق كېرەك.

هەر كىشىدە ئىشق بار بىل ئىجتىمائى،
كۆڭلىدە ئىمانى گويا شەب چىراغ.

هەر كىشىدە ئىشق ئەگەر ھاسىل دۇرۇر،
تەڭرىنىڭ دىدارىغە، ۋاسىل دۇرۇر.

## بۇ پەسىلدە ئىشقنى ئەيتۇر

هەر كىشىدە ئىشق بار غەم ئىچرەدۇر،
ئۆمرىدە گوياكى ماتەم ئىچرەدۇر.

هەر كىشىدە ئىشق بار پەرياد ئېتەر،
دۇنيا ئەسبابىنى ئول بەرباد ئېتەر.

هەر كىشىدە ئىشق بار بولغاي خاراب،
قىلغۇسىدۇر ئۆزنى ھەردائىم ھىساب.

هەر كىشىدە ئىشق ئەگەر بىسياردۇر،
ئالدىدە دۇنيا ئانىڭ مۇرداردۇر.

هەر كىشىدە ئىشقدىن بىر رىشتە بار،
بولماغاي مەھشەردە ھەرگىز خارۇ زار.

هەر كىشىدە ئىشق بار پىنھان قىلۇر،
سۇبھى شام ۋاقتىدا كۆپ ئەفغان قىلۇر.

ئىشقىنىڭ يولىغا بۇ تەدبىر كېرەك،
ياخشى ئەمىاللارنى كۆپ قىلماق كېرەك.

ئىشتىنىڭ يولىغا بۇ تەدبىر كېرەك،
ھەر ئىبادەتنى نەھان قىلماق كېرەك.

ئەي ئوغۇل يولىغا كىر ئۆمىر ئۆتمەستەراق،
قىل بۇ پەندىمنى ئەجەل يەتمەسدەراق.

ئۇشبۇ دەرس پايانى يوقتۇر ئەي قاياش،
ئاھۇ ئەفغان بىرلە ئۇر سىنەڭغە تاش.

ئۇشبۇ دەرس كۆڭلۈڭدە تۇتقىل ئەي ئوغۇل،
كۆپ دەر ئەردىم خاتىرەڭ بولغاي مەلۇل.

تالىبى ھەقلەرگە بۇ تەمىز ① دۇرۇر،
قىل يۈكىنغە مورچە كۆپ ئاجىز دۇرۇر.

مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

---

① تەمىز — ئايرىش، روشەن، مەلۇم، ئېنىق.

ئىشقىنىڭ يولىدە بۇ تەدبىر كېرەك،
بۇ جاھان سوداسىدىن كەچمەك كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
كۆڭۈل سۆيگەندىنمۇ ھەم ئۆتمەك كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
ئۆزنى ئەۋۋەل خوبراق بىلمەك كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
خەلقدىن ئۆزنى نەھان قىلماق كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
شەرئىدە سابىت قەدەم بولماق كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
چەربۇ شىرىندىن تامام ئۆتمەك كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
تىلنى مالا يەئنى دىن يىغماق كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
جەننەتۇل مەئۋادىن ھەم ئۆتمەك كېرەك.

ئىشقىنىڭ يولىغە بۇ تەدبىر كېرەك،
ھەر نەپەس ئۆلمەكنى ياد ئەتمەك كېرەك.

زۆھدە تەقۋالىق كۆڭۈل سەيقە دۇرۇر،
زۆھدە تەقۋاسىز كۆڭۈل بىر كول ئىرۇر.

سەيقەلى يوق ئايىنە تابماس جۇلا،
زۆھدە ـ تەقۋاسىزدە يوق لۇتفى خۇدا.

زۆھدە ـ تەقۋا گويىيا ئەسبى راۋان،
كىمكى مەركەب بولسە يۈرگەي ھەر قايان.

زۆھدە ـ تەقۋا گويىيا بىر شەمئدۇر،
ئۆيدە گەر شەمئ ئولسە ئول دىل جەمئدۇر.

زۆھدە ـ تەقۋا گويىيا بىر شەب چىراغ،
بولسە ھەر ئۆيدە چىراغ دۆز① ھەم يىراغ.

زۆھدە ـ تەقۋالىغ كىشى بىنا دۇرۇر،
زۆھدە ـ تەقۋاسىزكى نابىنا دۇرۇر.

ھەر كىشىكىم زۆھدە تەقۋا قىلسە خوي،
تاپقاي ئول دەرگاھى ھەقدە ئابروي.

ھەر كىشىكىم زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
ئول جاھان بىرلە ئانىڭ سەوداسى بار.

كىمكى قىلسە نەفسىنىڭ ئەمرىن ھارام،
تاپقۇسىدۇر ئەرشىدىن ئۈستۈن ماقام.

---

① دۆز — توغرى.

## بۇ پەسىلدە زۆھدە① ۋە تەقۋا②نى ئەيتۇر

ئەي قاياش بۇ پەندىغە سالغىل قۇلاق،
قىلماغىل ھەرگىز قۇلاغىڭدىن يىراق.

ھەق كېرەم قىلسە ھىكايەت ئەيلەيىن،
زۆھدە قىلماقدىن رەۋايەت ئەيلەيىن.

زۆھدەلىك پەرھىز كارلىقدىن دۇرۇر،
زۆھدە قىلماق پارسالىقدىن دۇرۇر.

زۆھدە قىلماق نەھىدىن قاچماق دۇرۇر،
ياخشى ئەئمال تۇخۇمىن ساچماق دۇرۇر.

زۆھدە ئولدۇر پەستلىكنى بۇنياد ئېتەر،
زۆھدە ئولدۇر ھەستلىكنى بەرباد ئېتەر.

ھەق تەلەبلىق زۆھدە تەقۋادىن بولۇر،
ھەرسى ئاب③ بىمارى لەقۋادىن بولۇر.

ئەي بىرادەر زۆھدەلىق ئاسان ئېمەس،
ھەر كىشى زاھىد ئېمەس ئىنسان ئېمەس.

---

① زۆھدە — تەقۋالىق.
② تەقۋا — ئۆزىنى ساقلاش، پاك بولۇش.
③ ئاب — سۇ.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
ئول كىشىنىڭ غۇسلىغە دەرياسى بار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
بولغۇسىدۇر ئول كىشى ئەنقا شىكار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
كۆرگىسىدۇر ئول كىشى جەننەتدە يار.

زۆھدە - تەقۋا خەلقتىن بولماق خالاس،
زۆھدە - تەقۋا بەندىدىن بولماق خالاس.

ئەي ئوغۇل زۆھدە تۇخۇمىن ساچماق كېرەك،
نەفسىنىڭ پەرمانىدىن قاچماق كېرەك.

قىلغايسەن فەرھىز خەلقدىن دىلقە ①دىن،
بول يىراق ئەلبەتتە كىشى ھەققىدىن.

ئەۋۋەلەن زاھىدغە بۇ بولغاي ئەدەب،
سالمە نامەھرەمغە كۆزنى روزى - شەب.

زاھىرۇ باتىننى يەكسان ئەيلەگىل،
نالە ۋە ئاھ بىرلە ئەفغان ئەيلەگىل.

---

① دىلقە — سوفىنىڭ چاپىنى. شەكلەن، رەڭۋا زامق.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
بولغاي ئول دەرگاھى ھەقدە ئېتىبار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
ئول كىشىنىڭ شەمشەرى ئالۋاسى بار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
بىگۇمان ھەميانىدە نەقد تىللاسى بار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
ئول كىشىنىڭ سالىمەل ئەئزاسى بار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
ئول كىشىنىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
ئول كىشىنىڭ سىدقىلە ئىخلاسى بار.

گەر كىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
ھۆر - غىلماندىن ئانىڭ ھەمراسى بار.

گەركىشىنىڭ زۆھدىلە تەقۋاسى بار،
روزى مەھشەر سايەئى بوتاسى ① بار.

---

① سايەئى بوتاسى — كۆلۆكى، سايىۋەنى.

زاھىدا زۆھدىڭنى پىنھان ئەيلەگىل،
كەينىدىن كۆپ خەيرۇ ئېھسان ئەيلەگىل.

زاھىدا تائەت رىيالىغ قىلغانىڭ،
ياخشىراقدۇر ئولتۇرۇپ مەي ئىچكەنىڭ.

خەيرۇ ئېھسانىمىز ئىبادەت ھېچدۇر،
بەلكى ئىسيان بىرلە پىچا - پىچ دۇر.

زاھىدا مەيخانىنى ئاباد قىل،
خانىقا يۇ سومئەنى بەرباد قىل.

زاھىدا بول مائىمەنلىكدىن يىراق،
بولماغىل مەيخانىدىن ھەرگىز يىراق.

زاھىدا ئۆزنى بەنا مۇلكىدىن ئال،
تىز تۇند ئەمدى پەنا يولىغە سال.

زاھىدا مەي سارىغە بولغىل نەدىم،
تۇن - كۈن مەيخانىدا بولغىل مۇقىم.

كىمكى مەيخور بولسە ئول مەردانىدۇر،
كىمكى مەيخور بولسە ئاتەشپارەدۇر.

زاھىدا مەيخانىدە مەردانە بول،
ھەي ئىچەرگە گويىيا پەرۋانە بول.

بولغايسەن ئەلبەتتە راھەتدىن يىراق،
قىلغايسەن ئەلبەتتە ئەشرەتنى تالاق.

ئەي ئوغۇل ئەمدى قۇلاق تۇتماق كېرەك،
تەڭرى قىلغان نەھيدىن قاچماق كېرەك.

ئەي ئوغۇل ھەر تۈنۈ كۈن ساجىد كېرەك،
چەشمە① گۆش② دەستۇ③، پا④زاھىد كېرەك.

ئەي بىرادەر تىل كۆڭۈل زاھىد كېرەك،
فېئلى ئەفئالىغە ھەم شاھىد كېرەك.

ئەي بىرادەر تۇتقايسەن يادىڭدە ياد،
قىلماغىل دۇنيا ۋە مافىھا⑤ نى ياد.

زاھىد ئەگەر بولسە مۇنداغ ئۇستۇۋار،
تاپقۇسىدۇر ئەرشدىن ئۈستۈن قارار.

زاھىدا زۆھدە باغىنى ئاباد قىل،
ھەستىلىك خارمانىنى بەرباد قىل.

زاھىدا تائەتنى قىلساڭ ئاشكار،
بولغايسەن دەرگاھى ھەققە شەرمىسار.

---

① چەشمە — كۆز.
② گۆش — قۇلاق.
③ دەست — قول.
④ پا — پۇت.
⑤ مافىھا — ئۇنىڭدىكى نەرسە.

ئەي بىرادەر كىمكى ئەۋرەتلىغ دۇرۇر،
ئول كىشى بۇ يولدە لەنەتلىغ دۇرۇر.

ھەر كىشىكىم قىلسە ئەۋرەت ئىختىيار،
ئىككى ئالەم ئىچرە بولغاي خارۇ زار.

گەر كىشى ئەۋرەت ئىلەھەمخانەدۇر،
كۆڭلى ئانىڭ گويىيا غەمخانىدۇر.

بولسەلەر ھەركىم ئەگەر ئەۋرەتپەرەست،
بولغۇسىدۇر ئول كىشى شەھۋەتپەرەست.

ئەي ئوغۇل ئول شەھۋەتى مۇردارىدۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزارىدۇر.

ئاڭلاغىل ئەي قەۋم ئاد① يۇ سەمۇد②،
مىسلى خاتۇن سۆھبىتى جەڭگى ئومۇد③.

شاد ياتغان يوق بۇ جەڭدىن ھىچكىشى،
گەرچە بارسۇن تۈنۈ كۈن، يازۇ قىشى.

مەنپەئەت يوقدۇر بۇ جەڭدە ئەي ئەمەك،
سۇد يوق ھەرگىز پۇشايماندىن بۆلەك.

---

① ئاد — ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى.
② سەمۇد — سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى.
③ ئومۇد — ئەرەبىستاندىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

ھەر زامان مەيخانىدىن ئول مەرد چىقار،
خانىقادىن ئاقىبەت نامەرد چىقار.

خانىقا كىرگەن كىشى قىلغاي سۇجۇد،
كىم كىرەر مەيخانە تەرك ئەتكەي ۋۇجۇد.

ۋۇجۇدىن مەھۋە قىلماي بەندە ئەرمەس،
ۋۇجۇد مەھۋە ئەيلەگەن شەرمەندە ئەرمەس.

زاھىدا① ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
ئاھ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىلدە دۇنيايى مەككار ۋە پۇر ئەييارنى ئەيتۇر

ئەي بىرادەر بۇ جاھان غەددار②دۇر،
گويىيا بىر ئەۋرەتى③ مەككاردۇر.

ھەركىشىنىڭ گويىيا بىر ئەۋرەتى،
بولغۇسىدۇر ئاقىبەت ئول لەئنەتى.

① زاھىدا — ئەي زاھىد.
② غەددار — ئالدامچى.
③ ئەۋرەت — ئايال، جىنسى ئەزا.

كىمكى پارىخ بولسە نان ۋەسۋاسىدىن،
ساپ بولغاي ئۇل زامان ئىمانىدىن.

ھەر كۆڭۈل گوياكى ئانبار خانەدۇر،
ئىمان ئول ئۆي ئىچرە گويا دانەدۇر.

ئەۋرىتىڭ گوياكى بىر ساچقان دۇرۇر،
ئاقىبەت ئۇل دانەنى ساچقان ئالۇر.

ئەي بىرادەر قىل بۇ سۆزگە هاي - هۇي،
يوق قىلىپ ساچقاننى ئاندىن دانە قوي.

ئەۋرىتىڭدۇر بارچە ئىسيانىڭ باشى،
قىلغايسەن پەرھىزىنى يازۇ قىشى.

تالىبى ھەقلەرگە بۇ زەنجىرى پا،
كۆڭلىدە يوقدۇر ئانىڭ سىدقۇ سافا.

ھەركىشى گوياكى خاتۇن تىۋەسى،
ئەركىشى خاتون كىشىنىڭ تىۋەسى.

ئەر كىشى ئۇشتۇردۇر ئەۋرىتى ساربان①.
باشلاغاي ئۇل كەسنى ئەۋرەتى ھەرقاچان.

① ساربان — تۆگە باقۇچى، يېتىلىگۈچى.

ھەر كىشى ئەۋرەتغە كۆپ مايىل بولۇر،
ئۇل كىشىنىڭ ئەقلى پات زايىل ① بولۇر.

ئەي بىرادەر ئەقل بىر گۆھەر دۇرۇر،
ئەۋرەتىدۇر ئۇل گۆھەر قەسدىدەدۇر.

ئەي بىرادەر ئەقل گويا شەمئىدۇر،
كىم كۆڭۈل ئەۋرەتكە بەرسە ئالدۇرۇر.

ئەي بىرادەر ئەقل جايى مېغىزى سەر②.
ئەۋرەتى قەسدىدە دائىم سەر - بەسەر.

ھەر كىشى ئەۋرەتكە گەر داخىل دۇرۇر،
ئۇل كىشى شۇل ۋەقت لايەئقەل بولۇر.

ئەقل بولسە ئادمى ئىنسان بولۇر،
ئەقل گەر يوق بولسە ئۇل ھايۋان بولۇر.

گەر كىشى تۈن - كۈندە كەلتۈرسە جىما،
ئەقلىنى بەرباد ئېتەر بىل ئىجتىما.

كۆپ يىسە نىئمەتنى كۆپ شەھۋەت بولۇر.
شۇل زامان ئۇل تالىبى ئەۋرەت بولۇر.

---

① زايىل — ئۆزگەرگەن.
② مېغىزى سەر — مېڭە.

سەيد ئىلىنسە دامغە قىلغاي شىتاب،
تۆنۈ كۈن غەم لەشكىرى قىلغاي خاراب.

سەيد ئىلىنسە دامغە بولغاي جۇنۇن،
تىغلىلەر قىلغاي ئانى خارۇ زەبۇن.

سەيد ئىلىنسە دامغە رەسۋا بولۇر،
تىغلىلەر ئىچرە تىلىم غەۋغا بولۇر.

ئەي بىرادەر دامدىن قىلغىل ھەزەر،
گەر ئىلىنساڭ دامغە يەتكەي خەتەر.

ئەي ئوغۇل بۇ پەندىغە سالغىل قۇلاق،
ئەقىل بولسە دامدىن بولغىل يىراق.

ئەي بىرادەر ئەۋرىتىڭ گوياكى جىن،
مەنى قىلغاي تەڭرىنىڭ پەرمانىدىن.

سىدق قىل بۇ سۆزغە ئەي نادان ئوغۇل،
بولماغىل زىنھار ئول خاتونغە قۇل.

ئىستەگىلۇ، ئىستەگىلۇ، ئىستەگىل،
نەفسى ۋاھىدلىقنى تۇن - كۈن ئىستەگىل.

ھەق تەلەبنىڭ گەد خۇدالىق بولغانى،
كۆييا ئول ھەق تەلەبنىڭ ئۆلگەنى.

قىسق ئىلە ئىسيانغە ئۇل مايىل قىلۇر،
ئۆمرىنى بەھۇدە ئۇل زايىل قىلۇر.

ھەرقازان گەر ياخشىدۇر بولغاي جالا،
ئەندىك - ئەندىك دۇد① ئىلە بولغاي قارا.

ھەر سىياھى بولسە ئۇل ئوتدىن بولۇر،
ھەر گۇناھى بولسە ئەۋرەتدىن بولۇر.

ھەر بالايى يەتسە شەھۋەتدىن بولۇر،
ھەرقازايى يەتسە راھەتدىن بولۇر .

ھەر كىشى گەر قىلسە ئەۋرەتنى ھارام،
تابقۇسىدۇر تۆت فەلەك ئۈستىن ماقام.

كىمكى ئەۋرەتلىغ دۇر ئۇل كوردۇر،
بولسە گەر تۆيى گويىيا بىر گوردۇر.

ئەي ئوغۇل ھەر ئەۋرەتى بىردام دۇر،
كىمكى كۆڭلىن بەرسە ئۇل بەد نامدۇر.

سەيد ئىلىنسە دامغە تابماس قارار،
ئاقىبەت ئۇل سەيد بولغاي خارۇ زار.

---

① دۇد — تۈتۈن، ئىس.

ئىسمى ئانىڭ بەلئەمى بانۇر ئىدى،
رەسمى ئانىڭ ھەرزامان مەھجۇر ① ئىدى.

شەيخلىق سۇرەتتە ئەردى خوش لىباس،
بولماب ئەردى نەفسىدىن ھەرگىز خالاس.

خەلق ئارا ئەردى دۇئاسى مۇستەجەب،
لېكىن ئول ھەق رەھمەتىدىن بى نەسەب.

خەلق مۇشكۇلىنى ھەل ئەيلەر ئىدى،
بارچەنىڭ مەقسۇدىنى تىلەر ئىدى.

ئول تەرەپ بارماقنى مۇسا ئىتتىپاق
قىلدى مۇسا قەۋم ئىلە يۈردى ياياق.

شەھەر خەلقى شەيخقە قىلدى خەبەر،
بەردىلەر ئول شەيخقە چەندان مالۇ زەر.

بەلئەم ئول سائەتدە بولدى شادمان،
شەھەرنى ئول قىلدى مۇسادىن نەھان.

بەلئەم ئول سائەتتە ھەقنىڭ قەھرىدىن،
بولدى مەردۇد ئول زامان مىسلى لەئىن.

---

① مەھجۇر — غەلمتە، كېرەكسىز، ئاجايىب - غارايىب ...

تۇت قۇلاغىڭ ئەچرە ئەي پىرۇ جەۋان،
تاشلاساڭ ئەۋرەتنى بولغايسەن ئامان.

تالىب ئاللاغە ئەۋرەتتۇر ھىجاب①،
ياد ئال ۋاللاھۇ ئەئلەم بىساۋاب②.

غافىلار ئۆمرى ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
ئاھ بىرلە نالە قىلغىل شامۇ سەھەر.

ھەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە دىن پۇرۇش ۋە دۇنيا تەلەب ۋە شەيخى زەر تەلەبلەرنى ئەيتۇر

ئەي ئوغۇل بول دىن پۇرۇشلۇقدىن يىراق،
دىن پۇرۇشۇ دىل خۇرۇشلۇقدىن يەراق.

دىن پۇرۇشلار ئەھلى بى تەمىز بولۇر،
ئاقىبەت ئول دىن پۇرۇش تونگۇز بولۇر.

خەلق ئارا بار ئەردى بىر قۇتبى زامان،
كۆرمەس ئەردى تەكرىدىن سودۇ زىيان.

---

① ھىجاب — پەردە توساق.

② ۋاللاھۇ ئەئلەم بىساۋاب — ھەقىقەتنى توغرا بىلىشتە خۇدا ھەممىدىن ئەلا ئالىم

چىقسە مۇنبەر ئۈززە ۋائىزنگە، ناگىھان،
قەۋمى قىلغاي ئىز تىراب ① بەرمەككە جان.

ۋائىز ئەردى تۇتىدىك شىرىن زابان،
ھېچكىم كەتمەس قاشىدىن ناگىھان.

ياد ئەردى شەيخقە ئايەت، ھەدىس،
بار ئىدى كۆڭلىدە ئانىڭ بەرخەس ②.

خەلقنى ئول مەستى لايەئقەل قىلىب،
ئالدى خەلقدىن بارچە پۇل ـ مالىن يىغىب.

ۋائىز ئەردى بارچە سۆزدە ئۇستىۋار،
خەلق ئاشىق ئەردى دائىم بى قارار.

دام ئىلە تەزۋىرى ئەيياروُ بەلىغ ③،
قىلماس ئەردى ھېچكىم مالىنى دەرىغ.

بەردى خەلققە پەندنى ئەفيۇن قىلىب،
ئالدى خەلقنىڭ مالىنى ئەفسۇن قىلىب.

قەۋمىنىڭ مەقسۇدى ۋائىز پەندىدە،
قەسدى ۋائىز قەۋمىنىڭ پۇل ـ مالدە.

---

① ئىزتىراپ — ئالدىراش.
② بەرخەس — مال ـ دۇنيا تەمەسى.
③ بەلىغ — يەتكۈزۈش.

كىم دۇنيانى قىلسا دۇنيا ۋەجھىدىن،
بولغاي ئول سائەتدە تەرسا گەبرىدىن.

كىم دۇنيانى قاسەلەر دۇنيا ئۈچۈن،
بولغاي ئول دەرگاھىدە ئىتدىن زەبون.

## ھىكايەت

بار ئىدى ئەللامەئى ① سۈرەتدە راست،
لېكىن ئول سيرەتتە ئەرمەس، ئەردى كاست②.

ۋەئزى دېن ئۆزگە ئانىڭ يوق ئەردى ئىش،
خەلقغە ۋەئىز ئەيتۇر ئەردى يازۇ قىش.

قىلدى ئول ۋائىزىغە تەسدىق خاسۇ ئام،
جان فىدا قىلدىلار تۈنۇ كۈن سۈبھى - شام.

ھەر زامان ئول ۋائىزى پەند ئەيلەدى،
گويىيا ئول قەۋمنى بەند ئەيلەدى.

---

① ئەللامەئى — كاتتا ئالىم.
② كاست — يالغان، چا.

ئالغالى ۋائىزنى مۇسادىن خەبەر،
بارچە قەۋمى ئول تەرەپ قىلدى سەپەر.

بارىدىلار مۇسا قاشىغە خاسۇ ئام،
قىلدىلار تەئزىم بىجا ۋە ھەم سالام.

«شەھرىمىزدە بار ئىدى بىر ۋائىزى،
بارچەمىز ئاندىن ئىمەسمىز نارازى.

ئول قازارا بىر كېچە بولدى نەھان،
ئىستەدۇك، بىز تابمادۇق ئاندىن نىشان».

مۇسا ئول سائەت بەدەرگاھى خۇدا،
قىلدى بۇ مۇشكۇلغە چەندان كۆپ دۇئا.

شول زامان كەلتۇردى ۋەھى جىبرەئىل،
ئېيدى ۋائىز ھالىنى رەببىل جەلىل ①،

مۇسا ئاندىن قەۋمىغە قىلدى ئايان،
بارچە قەۋمى قىلدى ئول ھالەت پىغان.

ئول تەرەپغە يۈردىلەر مۇسا ۋە قەۋم،
سۇبھۇ شام، شەببۇشەب ۋە يەۋمۇ فەيەۋم. ②

① رەببىل جەلىل — ھەممىدىن ئۈستۈن، ئالى تەربىيەچى خۇدا.
② يەۋمۇ فەيەۋم — كۈنمۇ كۈن.

ۋەز ئەيتىب قەۋمغە ھەر سۇبھى - شام،
بارچە خەلقنىڭ مالىنى ئالدى تامام.

يىغدى ۋائىز يا ھارامۇ، يا ھالال،
قىلدى چەندان باغ-راغۇ مۇلكى مال.

قورقمايىن ھەقدىن كۆكۈل مۇز ئەيلەدى،
قەھرى ھەق ۋائىزنى تونگوز ئەيلەدى.

چىقتى تۇندە شەھەردىن ۋائىز راۋان،
بولغالى چۆلۇ بايابانده نەھان.

چىقتى ۋائىز كوچاغە غەۋغا قىلىب،
بارچە ئىت قولاشتىلار غەۋغا قىلىب.

روسىيا تۇن قارا ۋە كوچە تار،
تۇتسە ئىت ۋائىزنى ھەلقىدىن تۇتار.

جانۇ ھالەتدە ئول ئىتلەردىن جۇدا،
بولدىيۇ يۇردى راۋان ئول روسىيا.

بارچە قەۋمى مەستى ھەيران بولدىلار،
ئىستەبان ۋائىزنى ۋەيران بولدىلار.

ئىستەدى ۋائىزنى ھەر پىرۇ جەۋان،
تابمادى ئاندىن بىراۋ نامۇ نىشان.

سەن قىلىپ كۆرگۈزمەي ئۇل قانداغ قىلۇر،
سەن قىلىپ كۆرگۈزسەڭ ئۇل ئانداغ قىلۇر.

سەن قىلىپ قەۋمىڭغە كۆرگۈز ھەر مەھەل،
ئەمرى ھەققە قىلماغىل ئەندەك ھەيەل.

ۋائىزا ۋەئزىڭنى قىل تۈن - كۈن بايان،
ھەم يەنە ۋەز ئىچرە قىل ئاھۇ فىغان.

ۋائىزى خەلق ئىچرە بولسە پەند پۇرۇش،
ئۇل كىشى گوياكى بولمىش قەند پۇرۇش.

قىلسە ۋائىز ۋەئزىنى بەيئۇ شەرا ①،
بىگۇمان مەئشەردە قوبغاي رۇسۋا.

قىلسە ۋائىز قەۋمىدىن دۇنيا ئۈمىد،
قالغاي ئۇل ھەق رەھمىتىدىن نائۈمىد.

ۋائىزا ۋەئزىڭنى ئايغىل خاسۇ ئام،
مۇزدى ② نى ھەقدىن تىلە ھەر سۇبھى - شام.

تۇت قۇلاغىڭ ئىچرە ئەي ۋائىز زامان،
سەن بىرىپ گۆھەرنى، ئالمە ئۇستىخان.

---

① بەيئۇ شەرا — ئېلىم - سېتىم.

② مۇزدى — ئەجرى، ھەققى.

قەۋمىغە مۇسا ئانى بىلدۈردىلە،
سۈرەتى تونگۇز بولۇبدۇر كۆردىلەر.

گەر كىشى ۋەئزىن تامادىن ئەيلەسە،
جولغۇسىدۇر ئاقىبەت ئول ئەنبەسە.

گەر تامادىن قىلسە ۋائىزلار سۇخەن ①،
بىگۇمان دەۋزەخ ئاڭا بولمىش ۋەتەن.

كىم تامادىن بولسە خەلققە ۋائىزى،
بولغاي ئول تەرسا ۋە گەبرو، رافىزى.

ئەيلەيىن بىر ياخشى پەند ۋائىز ساڭا،
ھەر ئەمەلنى سەن قىلىب كۆرگۈز ئاڭا.

سەن تامادىن ئۇرماغىل خەلق ئىچرە دەم،
ئىككى ئالەم ئىچرە يەتمەس ھىچ غەم.

ۋائىزى كىم گەر تامادىن ئۇرسە دەم،
ياغىلۇر باشىغە لەنەت دەمبەدەم.

ۋائىزا ۋەئزىڭنى «ئىندەللا» ② دىگىل،
كىم ئىشتىب قىلسە ئەبدىللا دىگىل.

---

① سۇخەن — سۆز.

② ئىندەللا — خۇدانىڭ نەزىرىدە.

تۇتتى ئۇل قۇل شاھنىڭ پەرمانىنى،
كۆردى شاھنىڭ بارچە لوتف - ئېھسانىنى.

ساچتى بىر كۈن شاھ چەندان سىمۇ زەر،
باغلادى ئۇل قۇل قانائەتدىن كەمەر.

بارچەلەر ئۇل پۇل سارى بولدى راۋان،
شاھ ئۇل سائەتدە قىلدى ئىمتىھان.

شاھنىڭ ئالدىدە يوق غەيرى ئەزغۇلام ①،
تۇردى ئۇل قۇل خىزمەتىدە سۇبھى - شام.

شاھ ئۇل ھالەتتە ئازاد ئەيلەدى،
تۈنۈ كۈن سۆھبەتنى بۇنياد ئەيلەدى.

بولدى تۈن - كۈن شاھغە ئۇل قۇل مۇنتەزىر،
ئۇل سەبەبدىن شاھ ئانى قىلدى ئەمىر.

بولدى ئاشىق قۇلغە ئۇل سائەتدە شا،
سىدقىن ئاڭلاب بەردى تەخت ئۈستىگە جا.

سىمۇ زەرلەرگە يۈزگۈرگەن بولدى خار،
ھەم يەنە دەرگاھى شاھدە شەرمسار.

---

① غەيرى ئەزغۇلام — ئۇلاردىن باشقىلار.

بەرمەگىل گۆھەرنى سەن مۇردارىغە،
ئاسماغىل ھەلقىڭنى ئۆزدىن دارىغە.

ۋائىزا بۇ پەندىغە سالغىن قۇلاق،
چىركىنەت دۇر بۇ جاھان باشدىن - ئاياق.

ئالسە ۋائىز خەلقدىن نەزرۇ نىياز،
نەقىل① قىلسە قىلماڭىز ھەرگىز نەماز.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر.
يى تەمە پەند ئەيلەگىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي نەريادلار.

## ھېكايەت

غەزنەۋى شەھرىدە مەھمۇد شاھ ئىدى،
ئەھلى ھال ئەسرارىدىن ئاگاھ ئىدى.

ئالدى بىر كۈن شاھ بىر زىرەك غۇلام،
قاشىدە تۇرغۇزدى ئانى سۇبھى - شام.

قويدى ئول قۇلغە ئات شاھ مەھمۇد ئاياز،
بولدى ئاشىق قۇلغە ئامما قىلدى ناز.

① نەقل — ئۆلۈم.

خەشىملىغىدە تۇرمىغاي ئىمان يۇقىم،
خەشىملىقىغە ھەق قىلۇر خەشمى ئەزىم.

مەيلى دۇنيا خەشمىدىن پەيدا بولۇر،
كۆپ ئۇقۇبەت خەشمىدىن پەيدا بولۇر.

ئاڭلاغىل بۇ سۆزنى ئەي نادان قاياش،
ئادەمى بىر كوزا ئەمما خەشمى تاش.

يۈك ئېغىر بولسە كىشىنى تىندۇرۇر،
كوزىدە تاش بولسە بىر كۈن سىندۇرۇر.

تېز قىلمە خەشمەڭنى ئانداغكىم تۇتۇن،
كوزە سىنغاندىن كېيىن بولماس پۈتۈن.

جاندارى كۆڭلى گويا بىر شىشەدۇر،
شىشەغە ئول خەشمى گويا تىشەدۇر.

شىشەغە كىم سالسە تىشە يا تەبەر،
شىشە ئول سائەت بولۇر زىرۇ زەبەر.

خەشمىنى تەرك ئەتمەك ئەي دانا جەۋان،
بولغايسەن ئۇتلۇغ جەھەننەمدىن ئامان.

خەشىملىغدىن بارچە دىل ئازاردۇر،
خەشىملىغلەردىن خۇدا بىزاردۇر.

پادىشاھ ئالدىدە بولدىلار ھەقىر،
سىمۇ زەر دەپ نەفسىغە بولدى ئەسىر.

قاۋلادىلار شاھ ئانى دەرگاھىدىن،
قالدى . نەۋمىد لوتفى ھەم ئىھسانىدىن.

قەھر قىلدى شاھ ئول ئالەم پاناھ،
بارچەنى قىلدى غەزەبكە موبتىلا.

باقمىدى ئول شاھ بۇلارنىڭ دادىغە،
يەتمەدى ھەرگىز ئۇلار فەريادىغە.

سىمۇ زەر دەپ يۈز ئۆگۈردى شاھىدىن،
بولمادىلار تۈن كۈن غەمدىن ئەمىن.

غافىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
ئاھ بىرلە نالە قىلغىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە خەشەملىغدە ئىمانىنى يوق قىلماق باياني

خەشمى ① ئادەم گويىيا بىر دىۋدۇر،
خەشمىگەر كۆب بولسە ئول نەمرۇددۇر.

① خەشمى — غەزەبلىك، غەزەبكار.

ئەي ئوغۇل ھەستلىكنى بەرباد ئەيلەگىل،
ئاھ! دەپ ھەردەمدە پەرياد ئەيلەگىل.

ئەي بىرادەر بولسە گەر بىر زەررە ھوش،
بادەئى ئىشقدىن ئەت بىر قەترە نوش.

گەر كىشى تەرك ئەتمەسە ماۋۇ مەنى،
بىلمىگەيلەر ئول كىشى مەي قەدرىنى.

ھەر كىشى مەي ئىچسە كۆپ پەرياد ئېتەر،
خانىمانىن شول زامان بەرباد ئېتەر.

كىمكى بولسە بى ھىجاب مەردان بولۇر،
بى ھىجاب بولغانكى دەردمەندان بولۇر.

خەشمنى تەرك ئەيلە بولغىل سەبرلىغ،
سەبرلىغ بار ئانى بولغاي ئەبرەلىغ.

سەبرلىغ دائىم ھالاۋەت ئىچرەدۇر،
شۈكرەلىغ دائىم قانائەت ئىچرەدۇر.

شۈكرىنى بىسيار قىل ئەي نەۋجەۋان،
شۈكرى كۆپ قىلغان سائادەتدىن نىشان.

گەر كىشى دائىم قانائەت ئەيلەمەس،
ئول كىشىنى ھىچ جاندار خاھلامەس.

بەندەئى رەھماندە ھەرگىز خەشمى يوق،
بەندەئى شەيتاندە ھەرگىز چەشمى يوق.

ئەي بىرادەر خەشمدىن قىلغىل ھەزەر،
دائىما گور ئەھلىغە سالغىل نەزەر.

ئەي بىرادەر خەشمنى بەرباد قىل،
ھەر نەپەس ئۆلمەكنى دائىم ياد قىل.

ئەي بىرادەر خەشمدىن بولغىل يىراق،
قىلغايسەن ئاندىن بۇ يولدە تەمتىراق.

خەشمىلىغ ھالەتدە ئىمانىڭ چىقار،
ئاقىبەت تەرسا كەبى جانىڭ چىقار.

بولمىسا ھەركىمدە ھەستىلىكدىن غوبار،
ئول كىشىدىن خەشمى ئول سائەت چىقار.

خەشمنى تەرك ئەتمەسەڭ سەن ئەي ئوغۇل،
تەڭرىغە تائەتلىرىڭ بولمەس قابۇل.

ئەي بەرادەر ئەيلەسەڭ ھەستىلىكنى خاك،
بولغۇسىدۇر روھىڭ ئول سائەتدە پاك.

ھىچ كىمەرسە بولمەس ھەستىلىكدىن كىشى،
تابماغاي ھەرگىز كامال قىلغان ئىشى.

ھەر خارابات ئولسە ھەق دەرگاھىدۇر،
ھەر ئىمارەت ئولسە خەلق دەرگاھىدۇر.

پادىشاھ، ئولدۇر غىنىلەردىن غىنى،
نى تەلەب قىلساڭ بەرۇر ئاخىر ئەنى.

قىلسا تۈن - كۈن گەر كىشى يۈزمىڭ ئۈمىد،
قويماغاي ئول كەسنى ھەرگىز نائۈمىد.

قىلسە شاھ ئەمرىغە قۇل جانىن نىسار،
ئاقىبەت ئول قۇل فەلەك ئۈستۈن چىقار.

قىلسە قۇل شاھ ئەمرىغە جانىن فىدا،
خەزىنە ئىشىكىنى شەھ ئاچقاي ئاڭا.

قىلساڭ ھەرمەقسۇدىن ئاندىن تەلەب،
كۆب تىلەگەندىن سىنى قىلماس تەلەب.

مۇنتەزىر بولساڭ ئانىڭ دەرگاھىغە،
ئول مۇشەررەپ ئەيلەگەي ئىنئامىغە.

ئەي بىرادەر ئۆمۈر يۈز يىل بولسەمۇ،
جۇستىجۇ① قىل، جۇستىجۇ قىل، جۇستىجۇ.

---

① جۇستىجۇ — ئىزدەش.ئالدىراش.

ھەر گەدايغە يوق تەۋەككۇلدىن يورۇق،
سەبىر ئىلە شۇكرى قانائەت ئاندە يوق.

يوقتۇرۇر كۆڭلىدە ئىمان رۇشەنى،
ئول سەبەبدىن ئىت گەداغە دۇشمەنى.

قىلماسە ئىتلار قانائەت ئەي قاياش،
ھەر ئىشىكلەردىن تېگەر باشىغە تاش.

تاشلاسە ھەر ئىت ئاۋالغى ئىشكىن،
ھەر ئىشىكنىڭ ئىتلارى تۇتقاي دومىن ①.

ھەر ئىشىكنىڭ ئىتلارى غەۋغا قىلۇر،
ھەلقىدىن تىشلەپ ئانى رەسۋا قىلۇر.

ئىت ئەگەر دائىم قانائەتدە ياتۇر،
گەرچە تەڭلىك بولسە راھەتدە ياتۇر.

ھەر ئىشىككە ئىت ئەگەر كۆزىن سالۇر،
ئول كىشى ئول ئىتنى ھەم كۆزدىن سالۇر.

كەتمەسە ئىت بىر ئىشىكدىن ھەر قايان،
ئول كىشى ئول ئىتكە بولغاي مېھرىبان.

---

① دومىن — قۇيرۇقىنى.

قىلسە قۇل خىزمەتنى كۈن ـ كۈندىن تولا ـ
خاجەسى هەم قىلغاي ئىنئامىن تولا.

بولسە گەر كۆز ئىچرە ئەندەك بىر نىمە،
ئۆرۈنۈب كىرگۈزمىگەي ئۇل بىر نىمە.

بولماسە ئاينەدە گەردۇ غۇبار،
كۆرۈنۈر ئاينەدە دىدارى يار.

بولسە روشەن دائىما كۆڭلۈك كۆزى،
كۆرگەنىدۇر تەڭرىنى كۆڭلۈك كۆزى.

غافىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
نالە قىل بۇلبۇل كەبى شامۇ سەهەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە ئۆز نەفسى بىرلە جەڭ قىلماق ـ نىڭ بايانىنى ئەيتۇر

ئەي بىرادەر ئىستەسەڭ هەقدىن مىراد،
قىلغايسەن ئۆمرىڭدە دائىم سەن جەهاد.

ئەي بىرادەر ئۈزمەگىل ھەرگىز ئۈمىد،
قىلغايسەن خىزمەتىنى تۈن - كۈندىن زەۋند①.

يىغلاساڭ دەرگاھى ھەقدە زارۇ زار،
قىلمىغاي ھەرگىز سىنى ئول خارۇ زار.

تاشلىساڭ ئىككى جاھان مۇردارىنى،
گۆرسەتۇر ئاندىن ساڭا دىدارىنى.

قىلماساڭ جەننەتنى ھەرگىز ئىختىيار،
بولغايسەن دەرگاھى ھەقدە ئىئتىبار.

ئەي بىرادەر ئىستەسەڭ دىدارى ھەق،
قىلغىل ئەۋۋەل جامە ھەستلىكنى شەق.

ھەر كىشى ھەستىلىكنى بەرباد ئەيلەمەس،
ئول كىشىنى تەڭرى ئازاد ئەيلەمەس.

ھىچنىمە يوقدۇركى ھەستىلىكتىن يامان،
خۇدنەمالىغ② خۇدپەرەسلىكدىن يامان.

قۇل ئەگەر خىزمەتنى پەي دەرپەي قىلۇر،
خاجى ھەم ئىنئامنى پەي دەرپەي قىلۇر.

---

① زەۋند — زىيادە، كۆپ.
② خۇدنەمالىغ — ئۆزىنى كۆرسىتىش.

قىلسا چەك نەپسى بىلەن مەردى خۇدا،
بولغۇسىدۇر ئول كىشى شىرى خۇدا.

نەپسىنىڭ چېكىنى مەن ئەيلەي بايان،
ھەق تەلەبلەر ئىچرە تابولسۇن ئايان.

دائىما قىلغىل خۇدا پەرمانىنى،
قىلما ھەرگىز نەپسىنىڭ پەرمانىنى.

ئەي بىرادەر بولما ھەرگىز تەن پەرەست،
قىلغايسەن نەپسىڭنى ھەر دائىم شىكەست.

بولما غاپىل تەڭرىدىن ئەندەك زامان،
بەرمىگەيسەن نەپسىڭە ھەرگىز ئامان.

بۇ جاھان سەۋداسىدىن قىلغىل ھەزەر،
گۇنج ئارا بول، باغلا ھىممەتتىن كەمەر.

ئۇشبۇ ئالەم گويىيا بىر رەھگۇزەر①،
قىلماغىل زىنھار ئاڭا ئەندەك نەزەر.

ھەر بالا كەلگەيكى نەپسىڭدىن ساڭا،
بەرمە ھەرگىز چەرب ئىلە شىرىن ئاڭا.

---

① رەھگۇزەر — ئۆتكۈنچى يول.

قىلماسەڭ جەڭ قوللۇغۇڭ سابىت ئېمەس،
قىلماسەڭ جەڭ ئابىدۇ زاھىد ئېمەس.

قىلماسە جەڭ كىم بۇ نەفس مەلئۇن بىلەن،
ئول كىشىنىڭ پەرقى يوق خاتۇن بىلەن.

گەر كىشى جەڭ قىلغالى ئاغاز ئېتەر،
روھى ئانىڭ ئەرشكە پەرۋاز ئېتەر.

گەركىشى جەڭ قىلسە نەفس تەرسا بىلەن،
بولغۇسىدۇر ھەمنەشىن ئەيسا بىلەن.

كىم شەھىد بولماقغە گەر داخىل بولۇر،
تەڭرىنىڭ دىدارىغە ۋاسىل بولۇر.

قويسە ھەركىم جەڭ ئۈچۈن دائىم قەدەم،
كەئبەگە بارغاندىن ئارتۇق ھەرقەدەم.

قەتل قىلسە نەفسنى ھەر مەردى يار،
ئەرشنىڭ ئۈستىدە ئول تابقاي قارار.

ئەي بىرادەر ئىستەگىلۇ، ئىستەگىل،
ئىستەگىل دائىم شەھىدلىك ئىستەگىل.

بولمە خالى جەڭدىن ئەي ئابدۇلۋاھىد①،
جان فىداقىل جەڭ ئۈچۈن بولغىل شەھىد.

---

① ئەبدۇلۋاھىد — خۇدانىڭ بەندىسى.

قىلماسە ھەركىم ئەگەر خالىس ئەمەل،
ئول رىيادۇر رىزقىغە سالغۇسى دەخەل.

ئىستەسەڭ بۇ يولدە بولماق بەسرەۋەر،
قىلغىل ئىستىغفار، ئۆجزە، چەشمى تەر.

ئەي ئوغۇل بىر ياخشى سۆز ئەيتاي ساڭا،
كۆپ ئەمەل قىل باقماغىل ھەرگىز ئاڭا.

گەر كىشىنىڭ تائەتىدە ئۆجزى يوق،
گويىيا بىر مىۋەدۇر كىم مەغزى يوق.

قىلماسە گەر لوتفى رەھمانىر رەھىم،
ئابىدۇ زاھىد كىرەر نارى جەھىم.

قىلمە ھەر تائەت ئارا ناسىد خىيال،
قىلماغاي مەقبۇل ئانى ئول زۇلجالال.

گەر كىشى بىر جانغە ئازار قىلغانى،
گويىيا توققۇز قوپۇب جان قىلغانى.

ۋەقفى① دىن فەرھىز قىلغىل ئەي ھەقىر،
ياخشىراقدۇر ۋەقفىدىن ئىچكەن چەغىر②.

① ۋەقفى — توختىغان، (مەسجىد، مەدرىس ۋە خانىقالارغا كىشىلەر تەقدىم قىلغان ئۆي - زېمىن، مالمۈلۈك...)
② چەغىر — بوزا، ھاراق.

قىلماسە ھەركىم مۇڭا ئىخلاسىنى،
باشىغە سالماس دو تىغ ئالماسىنى.

ئەي ئوغۇل نەفسىڭنى خۇشنۇد ئەيلەمە،
تەڭرىغە روھىڭنى مەردۇد ئەيلەمە.

ھەق رىزاسىن ئىستەسەڭ ئەي خاسۇ ئام،
نەفسىنىڭ زىددىدە ئىش قىلغىل تامام.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
يىغلا ئۆز ھالىڭغە ھەر شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە ئىسقاتىلار① ئەھۋالىنى ئەيتۇر

ئەي بىرادەر بولمە بۇ پەنددىن يىراق،
جەھدىلە ھازىر بولۇپ سالغىل قۇلاق.

مەئرىپەتدىن گەر كىشى ئاگاھ ئىمەس،
ھەر ئەمەل شايەستەئى دەرگاھ ئىمەس.

---

① ئىسقاتىلار — ئىمقات ئالغۇچىلار.

ئىسقاتى قورقماس يېتىمنىڭ مالىدىن،
بولماغاي ھېچ ۋەقت دەۋزەخدىن ئەمىن.

چىقسە جانى قالمەس ھېچ ھەققى ئانى،
ھەر نىمە قالسە ئالۇر پەرزەند ئانى.

ئىسقاتىلار تەئزىمى ئىنسان قىلۇر،
دىن ئۆيىنى لېكىن ئول ۋەيران قىلۇر.

مۇردىغە يوق ھەرگىز ئاندىن مەنپەئەت،
تەڭرى تەقدىرىغە بولغاي ئاقىبەت.

بەرسە ئۆز قول بىرلە ھەركىم بىر پۇلى،
قايتارۇر دەۋزەخدىن ئول بەرگەن پۇلى.

ياخشى ئىشنى ئەي ئوغۇل پەيۋەستە قىل،
ھەرنە قىلساڭ ئانى سەن ئۆلمەسدە قىل.

خەير - ئىھسان ئەيلە ئۆلمەسدىن بۇرۇن،
ئۆشبۇ ئۆيدىن ئاندە كۆچمەسدىن بۇرۇن.

بەرسەڭ ئۆز قول بىرلە ھەر غەمدىن ئېمىن،
سۇد قىلماس بەرگەن ئۆلگەندىن كېيىن.

بولسە گەر بىر شەھەر ئىچرە ئىسقاتى،
بولماغاي ئول يەرغە ھەقنىڭ رەھمەتى.

بەردى بۇ پەندىنى ئۇل ئۇستادى ھال.
مەينى ئىچكەن مالۇ ۋەقتىمدىن ھالال.

ئەي بىرادەر ۋەقتىمدىن فەرھىز قىل،
بۇ نەسىھەتلەرنى ئەمدى تېز قىل.

ئىسقاتى ئىتدۇركى ئەمما خۇفتەۋار،
مۇردەغە ئىتلەر ھېمىشە ئىنتىزار.

مۇردەسىز ئىت ئۇيقۇنى بىدار قىلۇر،
مۇردىنى كۆرگەندە خىرس غەۋغا قىلۇر.

ئالسە ئىتلەر مۇردىدىن ناگاھ خەبەر،
بارچە ئىتلەر ئول تەرەپ قىلغاي سەپەر.

شەھەر ئارا خەر مۇردە بولسە ناگەھان،
جەمئى بولغاي بارچە ئىتلەر شول زامان.

ئولاشىپ ئىتلەر تىلىم غەۋغا قىلۇر،
تالاشىپ بىر - بىرىنى رەسۋا قىلۇر.

مۇردە گەر يوق بولسە ئىت جانسىز بولۇر.
مۇردەنى تاپقاندە گويا خەرس بولۇر.

كىرغالى ئىسقاتغە كىم ئۆيدىن چىقار،
ئول كىشى ئىمانى كۆڭلىدىن چىقار.

ئەقلى كۆل گوياۈر، يەكتادۇرۇر،
ئەقلى جۇزۋى گوياكى سەنگ، خاردۇرۇر.

ئەقلى كۆل خۇرشىد، جۇزۋى بىر زەررىدۇر،
ئەقلى كۆل يوق ئادەمى بى بەھرىدۇر.

تۇتقايسەن يادىڭدە ئەي نىكو سىرشت①،
ئەقلى كۆل نەفسنى قىلماس پەرۋەرىش.

ئەقلى جوز قەترە، كۆللى دەريا تۇرۇر،
قەترەلەر دەريادە ناپەيدا بولۇر.

ئەقلى كۆل خورشىد، جوزۋى ئەستارەلەر،
ئەقلى جوزۋى خىشتى پارە، كۆل پارەلەر.

قىلماسە ھەركىم بۇ نەفس ئەمرىن قوبۇل،
ئالغاي ئول ئىماندىن چەندان ھوسۇل.

نەفسىنىڭ زىددىدە ئىش قىلساڭ داۋام،
ئول جەھەننەمنى ساڭا قىلغاي ھارام.

ھەر كىشى ئۆز نەفسگە زالىم دۇرۇر،
ھىچ شەك يوقدۇركى ئول ئالىم دۇرۇر.

---

① نىكو سىرشت — ياخشى ئەخلاقلىق.

تالاشىپ ئەھۋالىنى غەۋغا قىلۇر،
كۆڭلىدىن ئىمانىنى ناپەيدا قىلۇر.

بولماسا ھەقنىڭ ئىناياتى ئەگەر،
نى قىلالىغاي ئىسقاتى بى شەرمىلەر.①

ھەر فاساد ئالەمدە ئالىمدىن چىقار،
ئول سەبەبدىن كۆبراغى دىندىن چىقار.

ئېيدى پەيغەمبەر فەسادىلئالىمى،②
چىقار ئەۋۋەل مەنى ئۆلىمائى ئىممەتى.

مۇستەفادىن بىگۇمان بۇ نەقىلدۇر،
ئىلمى بولغان بىرلە ئول بى ئەقىلدۇر.

ئىلمى بولغان بىرلە ئول ئالىم ئېمەس،
ئالىم ئولدۇر بىر نەپەس غافىل ئېمەس.

ئەي ئوغۇل پاردۇر نېچە ئەرزىم ساڭا،
ئەيتايىن ئەمدى ئانىڭ رەمزىن③ ساڭا.

---

① بى شەرمىلەر — نومۇسسىزلار

② فەسادىل ئالىمى — پىتنە - پاسات، ئىغۋاچى ئالىم.

③ رەمزىن — ئىشارەت.

ئەقل بولسە ئەي ئوغۇل بول ۋەھىمناك،
جەڭ قىلىپ نەپسىڭنى تۈن - كۈن قىل، ھىلاك.

نەپسىنى ئۆلتۈرمەي ئىمان ئىستەمە،
بىھۇدە تەڭرىدىن ئېھسان ئىستەمە.

قىلماساڭ نەپسىڭنى ئەۋۋەل سەن ھالاك،
ئاقىبەت قىلغاي سېنى بىر كۈن ھالاك.

كىرسە فىرئەۋن شەھەرنى ۋەيران قىلۇر،
كىرسە مۇسا باغ ئىلە بوستان قىلۇر.

كەلگىل ئەمدى ھۇشغە ئەي نەۋجەۋان،
شەھرىڭ ئىچرە پۇر ئىرۇر فىرئەۋنىيان.

تېزراق فىرئەۋننى چىقارغىل شەھەردىن،
بىگۇمان بولغايسەن ھەر غەمدىن ئەمىن.

ئەي بىرادەر خانىمان بەرباد قىل،
كوھى دەشتى سەھرادە كۆپ فەرياد قىل.

تۇت قۇلاغىڭغە ئەجەل يەتمەستىرەك،
قىل بۇ ئەمرىنى نەفس ئۆتمەستىرەك.

كىمكى بۇ پەندىمغە گەر كوشىش قىلۇر،
روزى مەھشەر ھىللەدىن پۇشەش① قىلۇر.

---

①. پۇشەش — كىيگەن.

زۇلمى قىلماق نەفسىگە مەردان ئىشى،
تەربىيەت قىلماق ئانى ھايۋان ئىشى.

ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر شەھەر دۇرۇر،
روھى مۇسا، نەفسى ئول فىرئون دۇرۇر.

بىر شەھەردە بۇ ئىكاۋ تاپماس قارار،
بىرسى كىرسە، بىرى ئولدەم چىقار.

كىرسە مۇسا شەھەرنى ئاباد ئېتەر،
كىرسە فىرئون شەھەرنى بەرباد ئېتەر.

ئەي بىرادەر ئەيلە فىرئوندىن ھەزەر،
جەھدىلە ئالغايسەن مۇسادىن خەبەر.

ئەي بىرادەر ئىستەسەڭ گەر ئەقلى كۆل،
بولمىغايسەن ھىچ ۋەقت نەفسىڭگە قۇل.

پىكرى قىل ئەسلىڭنى ئەي بىر مۇشتى خاك،
قەتل قىل نەفسىڭنى ئەي مەردانى پاك.

نەفسىن ئۆلتۈرمەي كىشى مەقبۇل ئېمەس،
ئول كىشى تەڭرىغە ھەرگىز قۇل ئېمەس.

قىلماسە ھەركىم ھالاك ئۆز نەفسىنى،
ئاچماغاي ئول كەسغە جەننەت دەر①نى.

---

① دەر — ئىشىك.

ئەقىل گەر جۈزۋىدۇر بولماس ھەق شۇناس،
ئەقىل گەر كۈللىدۇر بولغاي مەردۇ خاس.

ئەي بىرادەر ئەقلى جۈزۋى سايەدۇر،
بىگۇمان فىرئون ئىلە ھەم خانەدۇر.

ئەقىل گەر كۈل بولسە ھەق خۇشنۇدىدۇر،
ئەقىل گەر جۈزۋى بولسە ئول مەردۇدىدۇر.

ئەقلى كۈل ھەردائىما خەۋفىدىن ئامان،
ئەقلى جۈزۋى بولمىغاي غەمدىن ئامان.

ئەقىل ئەگەر جۈزۋىدۇرۇر ئول بىلمىغاي،
ئەقىل ئەگەر كۈللى دۇرۇر كۆرگەي لىقا.

ئەقىل ئەگەر كۈللى تۇتار ئاللانى دوست،
ئەقىل ئەگەر جوزۋى تۇتار دۇنيانى دوست.

ئەقلى جوزۋىنى تەرك قىل ئەي خاسۇ ئام،
ئەقلى كۈلنى ئىستەگىل ھەر سۇبھى - شام.

ئەقلى كۈللى مۇسادەك مەردان قىلۇر،
ئەقلى جۈزۋى ئاقىبەت فىرئون قىلۇر.

ئىستەسەڭ ئول نەفسى فىرئوندىن ئامان،
بەرمىغىل شەھرىڭدە فىرئونغە ماكان.

ئەر كىرەك بۇ يەردە فەرياد ئەيلەگەي،
ھېچ شەك يوق تەڭرى ئازاد ئەيلەگەي.

ئۇل كۆڭۈلكىم سۇبھەدەك سادىق تۇرۇر،
بۇ نەسىھەتلەر ئاڭا لايىق تۇرۇر.

ھەق تەلەب ھەر دەمدە ئاھ ئاغاز ئېتەر،
ئۇل مۇقامۇ قۇربىغە پەرۋاز ئېتەر.

ئەقلى كۆل ھەمرا تۇرۇر مۇسا بىلەن،
ھەمنەشىندۇر ھەم تەقى ئەيسا بىلەن.

ئەقلى كۆل گەر تەڭرىغە مۇھتاجىدۇر،
ئەقلى كۆلغە ھەر زامان مىئراجىدۇر.

ئەقل گەر كۆللىدۇر ئىمان ساپىدۇر،
ئەقل گەر جۇزئىدۇر بى ئىنساپىدۇر.

ئەقل گەر كۆللى دۇرۇر ھەق ياردۇر،
ئەقل گەر جۇزئىدۇر ھەق بىزاردۇر.

ئەقل گەر كۆللى ئاڭا دىداردۇر،
ئەقل گەر جۇزئىدۇر ئۇل مۇرداردۇر.

ئەي بىرادەر ئىستەسەڭ گەر ئەقلى كۆل،
قىلما نەفسىڭ ئەمرىنى ھەرگىز قوبۇل.

## بۇ پەسىلدە ئۆمۈرنىڭ چۇست① بىلە ئۆتمەك بايانى

ئۆمۈر ئۆتكەي تېز گويا تۇند بەرق②،
بولماغايسەن بى خەبەر غەفلەتتە غەرق.

ئۆمۈر گويا بەرق دەك چالاك③ ئۆتەر،
كىمكى ئاندىن بى خەبەر ناپاك ئۆتەر.

ئاپتاب ھەر سۈبھىدە قىلغاي تولو،
قىلغاي ئول ۋەقت تەۋبەغە ھەركىم رۇجۇ④.

ئاپتاب تۇش ۋەقتىدە تاپقاي كامال،
ئەندىك ـ ئەندىك بولغاي ئول ئاندىن زاۋال.

بارچىلەر ئول تەۋبەسىنى سىندۇرۇر،
ئول سەبەبدىن تۇنۇ كۈن زايىل بولۇر.

ئەي بىرادەر ئۇشبۇ سۆزنى ئاڭلاغىل،
كىشت⑤ ـ كارىنى كۈن ئولتۇرماستە تىل.

① چۇست — چاققان، تېز، ئىتتىك.
② تۇندى بەرق — چاقماقتەك تېز.
③ چالاك — تېز، چاققان.
④ رۇجۇ — قايتىش.
⑤ كىشت — زىرائەت.

جەھدە قىل فىرئۇننى شەھرىڭدىن چىقار،
دائىما زىندىندە ئىش قىلساڭ چىقار.

قىلسە گەر نەفسىڭنى ھەركىم خارۇ زار،
كۆڭلىدىن فىرئون ئول سائەت چىقار.

كىم چىقارماس كۆڭلىدىن فىرئونىنى،
كافىرو، گەبرو، جوھودو، ئەرمەنى.

قىلغايسەن بۇ ئەمرىنى ئەي ھەم دىيار،
نەفسىڭنى زىندىندە ئىش قىلغىل چىقار.

ئەي بىرادەر خاب غەفلەتدىن كۆز ئاچ،
دائىم ئول فىرئوندىن ھەق سارى قاچ.

سەن سېغىنساڭ ھەقنى جەننەتلىغ قىلۇر،
بولمىسە فىرئون جەھەننەملىغ قىلۇر.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
دائىما قىل نەپسى فىرئۇندىن ھەزەر.

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

ئۆتسە ناگاھ ئۆمرى ھەركىم چەھلىدىن ①،
تەۋبە قىل تەڭرىغە يانغىل جەھلىدىن ②.

ئۆتسە ئۆمرىڭ ناگاھ ئەللىكدىن نەرى،
تېز بولغىل مائى مەنلىكدىن نەرى.

ھەر كىشىنىڭ ئۆمرى گەر ئاتمىش دۇرۇر،
لەززەتى ئۆمرىدىن ئول قالمىش دۇرۇر.

ئەي بىرادەر يەتسە گەر يەتمىشكە ياش،
كۆپ چىقارغىل ئاھۇ ھەسرەت بىرلە ياش.

ھەر كىشى پىر بولسە كۆپ ھىممەت كېرەك،
تەڭرىغە شايىستەئى ③ تائەت كېرەك.

ئاددى ④ پىر بولسە ھىممەت بىرلە ماس،
پەردە ھىممەت بولسە ھەركىم خارلىماس.

گەر كىشىنىڭ ھىممەتى ئالى دۇرۇر،
نەق ئۇلە ئىسياندىن ئول خالى دۇرۇر.

بولمىسە ھەر كىمنىڭ ئالى ھىممەتى،
ياغىلۇر باشىغە ھەقنىڭ لەئنەتى.

---

① چەھل - قىرىق.
② جەھل - نادانلىق.
③ شايىستەئى - مۇۋاپىق
④ ئاددەمى - بىر ئادەم.

قىل خۇدا ئەمرىنى ئۆمىر ئۆتمەستەرەك،
تەۋبە مەھكەم قىل ئەجەل يەتمەستەرەك.

قىلسا قارى تائەت ئەتمەكلىككە جىد،
شول زامان ئىسيانى بولغاي ناپەدىد.

ھەر كىشى بىر كارىغە مەشغۇل دۇرۇر،
بەزى مەقبۇل، بەزى نامەقبۇلدۇرۇر.

بولمىسە تائەتدە ھەركىم ئىمتىثال①،
بولغاي ئانىڭ ئاغزىغە سەنگۇ ساپال.

قىلساڭ ئۇشبۇ نەسىھەت ئاڭلاغىل،
كۆپ ياشىساڭ كۆپ ئىبادەت ئەيلەگىل.

قىلساڭ خىلۋەتنى قىلغىل ئىختىيار،
بولماغىل مەجلىس ئارا خەلق ئىچرە خار.

يەتسە ئۆمرۈڭ ئونغا بالىغ بولاسەن،
تەڭرىگە ئول دەمدە تابە بولاسەن.

يەتسە ئۆمرۈڭ گەر يىگىرمەغە ئەگەر،
ئول زامان ئال ھەقتەئالادىن خەبەر.

ئەي بىرادەر يەتسە گەر ئوتتۇزغا ياش،
جەھدىلە ئۇر دائىما سىنەڭغە تاش.

---

① ئىمتىثال — بەك ياخشى قىلمىش، سەممىي، سادىق بولۇش.

كىمدە ھىممەت بولسا ئول مەردى خۇدا،
ھىچ شەك يوق رازىدۇر ئاندىن خۇدا.

ئەي ئوغۇل تۈن - كۈندە ھىممەت ئىستەگىل،
دائىما ھىممەتدە تائەت ئىستەگىل.

كىمكى بۇ ئالەمدە ھىممەتلىك دۇرۇر،
تەڭرى دەرگاھىدە قۇربەتلىك دۇرۇر.

گەر كىشىنىڭ ھىممىتى تۈغيان قىلۇر،
ئول كىشى بىسيار خەير ئېھسان قىلۇر.

ئەر ئەمەس بۇ يولدە ھىممەتسىز كىشى،
گەرچە بولسۇن نوە، اوقماندىك كىشى.

بولسە گەر ھەر كىمغە ھىممەتدىن نەسىب،
باردۇرۇر ئول كەسغە جەننەتدىن نەسىب.

ئىستە ھىممەت دائىم ئەي پىرو جەۋان،
ھىممەتى ئالى سائادەتدىن نىشان.

ھىممەتى ئالى سىفاتى مۇرتەزا،
بۇل سەبەبدىن بولدى ئول شىرى خۇدا.

شەھرى خەيبەر ئىچرە بىر كۆزسىز گەدا،
مۇرتەزاغە قىلدى ئول بىرنان سەدا.

ئەر ئاتانىماقلىققە كۆپ ھىممەت كېرەك،
ھەم شىجائەت بىرلە ھەم غەيرەت كېرەك.

گەر ھېممىشە بولماسە ھىممەتدە شاھ،
ياخشىراقدۇر ئاندىن ھىممەتلىك گاداھ.

كىمكى بى ھىممەت دۇرۇر مۇرداردۇر،
جىسمىدە ھەرموي ئانىڭ زۇننار دۇر.

بولغۇسىدۇر ئادەم ھىممەتدىن كىشى،
بولماغاي ھېچكىمكى خىلئەتدىن كىشى.

گەر كىشىنىڭ ھىممەتى ئالى دۇرۇر،
كۆڭلى ئول خەنناسىدىن خالى دۇرۇر.

بولسە ھەركىم كۆڭلى خەنناس دىن خالاس،
تاپقۇسىدۇر ئول جەھەننەمدىن خالاس.

ھەر كىشىكىم ھىممەتدىن ئاغاز ئېتەر،
روھى ئانىڭ ئەرشىگە پەرۋاز ئېتەر.

ھەر كىشىكىم قىلسە ھىممەتدىن بىر ئىش،
مەغفىرەت قىلغاي خۇدا ھەر يازۇقىش.

گەر كىشى تۈن - كۈندە ھىممەتلىك دۇرۇر،
تەڭرى دەرگاھىدە ئىززەتلىك دۇرۇر.

خاتەمی مۆلكی سۇلايمان ئىلىمدۇر،
بارچە ئالىم سۇرەتۇ جان ئىلىمدۇر.

روھی ئادەم ئىلىمدىن قۇۋۋەت ئالۇر،
ئىلىمسىزنىڭ روھی بی قۇۋۋەت بولۇر.

گەر كىشىدە ئىلىم يوق مۇردارىدۇر،
بولمىسە تەن ئىچرە جان، تەن خارىدۇر.

جاندىن ھەم ئارتۇقدۇر ئىلمۇ مەرىپەت،
مەرىپەت يوق بولسە بولغاي خەر سۈپەت.

ئەي بىرادەر ئىلىملىق بۇنيادۇرۇر،
مەرىپەت يوق بولسە نابىنادۇرۇر.

ئىستەسەڭ گەر مەئرىپەت ھەر سۇبھى - شام،
مەئرىپەت ئارىفدىن ئىستە ھەر داۋام.

گەر كىشىگە مەئرىپەت ھاسىل بولۇر،
تەڭرى دىدارىغە ئول ۋاسىل بولۇر.

بولمىسە ھەركىمدە ئىلمۇ مەرىپەت،
قويسە ھەر سارى قەدەم بولغاي غەلەت.

ئامىدىن بۇ ئىلىم مىراس ئەيلەمە،
ئام گەر قۇتبى ئولسە ئىخلاس ئەيلەمە.

مۇرتەزانىڭ ھەممەتى تۇغيان قىلىپ،
قىرىق تۇۋە زەر بەردى ئۇل ئېھسان قىلىپ.

ئەي بەرادەر ئىستە ھىممەتنى داۋام،
جان فىدا ھىممەتكە قىلغىل سۇبھى - شام.

ۋەئدە قىلغاي تەڭرى ھىممەتدىن بۇرۇن،
ئەرشدىن ئۈستۈن ئاڭا قىلغاي ئورۇن.

ھەر كىشى بولسە مۇنداغ ھىممەتى،
ياغلۇر باشىغە ھەقنىڭ رەھمەتى.

كىمكى ھىممەت بولسە دىۋاندىن قاچار،
نەفس ئىلە شەيتان ھەم ئاندىن قاچار.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئىستەگىل ھىممەتنى ھەر شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە ئارىفلار ① مەئرىپىتىنىڭ بايانى

غەۋت ② ئۇردۇم ئىلىمنىڭ دەرياسىغە،
قىلدى ھەق مائمۇردۇر يەكتاسىغە.

---

① ئارىفلار — خۇدانى تونىغۇچىلار.
② غەۋت — چۆمگەن.

تالبا چمەنگنى ئاباد ئەيلەمە،
مەئرىپەت گەنجنى بەرباد ئەيلەمە.

ئەي بەرادەر گەنجى ۋەيران ئچرەدۇر،
مەئرىپەتنڭ ئلمى ئەريان ئچرەدۇر.

ئستەسەڭ گەنجنى بار ۋەيران ئارا،
ئستەسەڭ بۇ ئلم بار ئەريان ئارا.

گەر كشى بى رشتە ئول ئۇريان ئرۇر،
دائما زاتغە ئول هەيران ئرۇر.

هەر كشگە مەئرىپەت بىر ياردۇر،
كمكى بىلمەس قەدرنى مۇرداردۇر.

ئلمى هەستلك گويىيا بىر ماردۇر،
ئاقبەت ئول ماردن بىماردۇر.

بولسە گەر هەركمدە مارى ۋەهمەناك،
ئول كشىنى ئاقبەت قلغاي هالاك.

ئلمى هەستلكتن كى كم ئەئيان قلۇر،
ئۆزنى ئول تابىئى شەيتان قلۇر.

يوقتۇرۇر پەرقى ئانڭ شەيتان بىلەن،
بارمغاي ئالەمدن ئول ئمان بىلەن.

ھەر تۆمۈر بولغان بىلەن ئالماس ئېمەس،
ھەر كىشى بولغان بىلەن ئول خاس ئېمەس.

ئېيتاي ئەي تالىب ساڭا چەندان سۆخەن،
مەئرىپەتسىز جىسمىدۇر جانسىز بەدەن.

قىلمە بۇ كۆز بىرلە ھەق سۆنئىن خىيال،
پانى بىرلە باقىنى كۆرمەك مەھال.

ھەر نەپەس قىلساڭ جامالىللا سەدا،
كەلگەي ئاندىن لەن تەرانى ① دەپ نىدا.

ئەيىب ئىمەسدۇر نېچە بولسا ئەيىبى گىل
ئەيىب دىلدۇر، ئەيىب دىلدۇر، ئەيىب دىل.

ئەي بىرادەر تەندە يوقتۇر ئېتىبار،
مەئرىپەت يوق بولسە بولغاي مۇردەۋار.

جىسمى ئادەم گويىيا دىۋاردۇر،
مەئرىپەت دىل ئىچرە بىر گۈلزاردۇر.

جىسمى ئاردىن گويىيا ۋەيرانەئى،
مەئرىپەت كۆڭلىدە بىر دۇردانەئى. —

---

① لەن تەرانى — مىنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسەن.

كىمدە بولسا مەئرىپەت ئىنسان ئىرور،
بارچە مۈشكۈللەر ئانگا ئاسان ئىرور.

كىمدە بولسا مەئرىپەت ئالىمدۇرور،
مەئرىپەتسىزلەر ھەمە زالىم دۇرور.

مەئرىپەت ئىلمىنى تەفسىر ئەيلەيىن،
ئىستەمەككە ئانى تەدبىر ئەيلەيىن.

مەئرىپەت گوياكى ئول ئابى ھايات،
ئىچسە ئانى تاپقاي ئۆلمەكدىن نەجات.

ئەي بىرادەر ئول سۇ زۇلمەدىن نەرى،
ئىستەگەيسەن ئانى ئىسكەندەر كەبى.

تاپماقى ھەركىم ئانى ئاسان ئىمەس،
ئىچمەسە ھەركىم ئانى ئىنسان ئىمەس.

ئىستەدى ئۆمرىدە ئىسكەندەر ئانى،
باشلادى ئول يەرگە بىر راھبەر ئانى.

كىم قويار ئول يەرگە رەھبەرسىز قەدەم،
يەتكەي ئول سائەت بالالار دەمبە دەم.

ئەي ئوغۇل بۇيولغە بىر رەھبەر كېرەك،
ئىلكىدە بىر شەمئى پۇر ئەنۋار كېرەك.

ئەي ئوغۇل ئۇۋامەسنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

ئەي ئوغۇل تائەتنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

ئەي ئوغۇل راھەتنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

ئەي ئوغۇل ئززەتنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

ئەي ئوغۇل قۇربەتنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

ئەي ئوغۇل شادلقنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

ئەي ئوغۇل پەرلكنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

ئادمى بولماقنى قلساڭ ئختيار،
مەئرپەت ئلمنى قلغل ئختيار.

بەندەغە ھەقدىن كارامەت مەئرپەت،
بەندەغە ھەقدىن ئنايەت مەئرپەت.

ھەقنى بىلگەن مەئرىپەت ئەي زۇفۇنۇن ①،
ئۆز ئىلىملەر ھىيلۇ، مىكرۇ فۇسۇن ②.

مەئرىپەت ئىلمىن تەلەپ قىل سۇبھى - شام،
ئاندىن ئۆزگە ئىلىملەر تەزۋىر - دام.

بولسەگەر ھەر كىمگە ياد يۈزمىڭ كىتاب،
مەئرىپەتسىز ئاقىبەت بولغاي ھىجاب.

بولسە ھەر كىم مەئرىپەتلىكلەر بىلەن،
ھەمنەشىن بولغاي مالائىكلەر بىلەن.

مەئرىپەتلىك ئىلمى رەھمان ئىلمىدۇر،
مەئرىپەتسىز ئىلمى شەيتان ئىلمىدۇر.

مەئرىپەتلىك ئىلىم ئەگەر قىلاڭ خىيال،
ئەلبەتتە ئول دائىما رىزقى ھالال.

رىزىق ئۈچۈن كىمكى قانائەتلەر قىلۇر،
ئەھمەدى مۇختار شافائەتلەر قىلۇر.

ھېچكىم بۇ يولدە سەنئەتسىز ئېمەس،
كىمدە سەنئەت بولمەسە ئادەم ئېمەس.

---

① زۇفۇنۇن — ئىلىملەر ئىگىسى.
② فۇسۇن — سۆز بىلەن ئالداش.

ئەردى ئىسكەندەرغە خىزرى رەھنەما،
بولدى زۇلمەت ۋەھمىدىن ھەردەم پانا.

ھىچ يول يوقدۇركى مۇنداق ۋەھمەناك،
قويسا رەھبەرسىز قەدەم بولغاي ھالاك.

قىلمە پىرسىز ئابى ھاباتدىن خىيال،
پىرسىز ئول سۇنى تاپماغلىق مەجال.

شەمس تەبرىز ئەردى مەۋلانەغە پىر،
مەئرىپەتدە بولدى ئاندىن بى نەزىر.

رۇمغە ئەللامەئى ۋەقت ئەردى ئول،
كۆرگۈزۈپ مىلك يەتتە يۈز شاگىردغە يول.

قىلدى پىر ئەمرىغە ئول جانىن نەسار،
ئول سەبەبدىن تاپتى ئەرش ئۈستۈن قارار.

ھىچكىم ئۆز ئالدىچە بولماس كىشى،
گەرچە بولسۇن نۇھ، لوقماندىك ئىشى.

تالىپ ئىلىم بولكى، ئىلمۇ مەئرىپەت،
مەئرىپەتدىن ئۆزگە ئىلىم بى مەنپەئەت.

مەئرىپەتلىك ئادىمى خەيرول بەشەر،
مەئرىپەتسىز ئادىمى ئىتدىن بەتەر.

بولسە مېھمان ئۆيدە مەمنۇرلۇق بولۇر،
كەتسە مېھمان ئۆيدە رەنجۇرلۇق بولۇر.

ھېچە تۈن-كۈن تەندە جان مېھمان ئېرۇر،
ئوشبۇ ئۆي ھەم ئاخىر ۋەيران ئېرۇر.

ھەر نىمە ئالەمدە ھەق پەيدا قىلۇر،
ئوشبۇ مېھمان ۋەجھىدىن پەيدا قىلۇر.

بىل بۇ مېھمان قەدرىنى ئەي ئابدۇل ئەزىز،
تاكى مېھمان ئۆيدەدۇر تۇتقىل ئەزىز.

ئاڭلا بۇ مەئنىنى ئەي مەردۇ غىرىب،
كەتسە ئول مېھمان يەنە كەلمەس يانىب.

ھەر كۈنى ھوشيار، تۈن بىدار بول،
تالىبى بول، تالىبى دىدار بول.

بىل بۇ مېھمان قەدرىنى ئەي خاسۇ ئام،
باش كۆتەرمەي سەجدە قىل ھەر سۇبھى شام.

ئوشبۇ ئۆيدىن بىر كۈنى مېھمان كېتەر،
بارچە ئەفرادىڭ ئۇ كۈن ئەفغان ئېتەر.

كۆب پۇشايمان قىلماغاي ئول كۈندە سۇد،
قىل تىلىم مېھمان كەتمەسدە سۇجۇد.

كىمكى بۇ ئالەمدە بى سەنئەت دۇرۇر،
روزى مەھشەر ئىچرە بى ئىززەت بولۇر.

كىمدە سەنئەت بولسە ھەق رەھمەت قىلۇر،
كىمكى سەنئەتسىز دۇر ھەق لەنەت قىلۇر.

خەلق ئارا ھەر كىمكى سەنئەتلىقدۇرۇر،
ھەر كىشى ئالەمدە ئىززەتلىك دۇرۇر.

قىلدىلەر سەنئەتنى ھەر خاسانى ① ھەق،
قىل قانائەت بىرلە بول بايادى ھەق.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بى خەۋەر،
قىل قانائەت رىزق ئۈچۈن ئەي كور ـ كەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە فەزىلەتى مېھمانىنى ئەيتۇر

ئەي ئوغۇل تەن جانغە مېھمانخانەدۇر،
بولمىسە مېھمان بول ئۆي ۋەيرانەدۇر.

---

① خاسانى ـ خۇدانىڭ خاس بەندىلەرى.

ئەي بىرادەر ئۆمىر بىر ھەمىيانى زەر،
بولماغىل زىنھار ئاندىن بى خەبەر.

ھەر نەپەسكىم چىققانى ھەر دەمبەدەم،
گويىيا چىقمىشدۇر ھەمىياندىن دەرەم.

ئول دەرەم ھەردەم بۇ ھەمىياندىن چىقار،
ئول كىشى ئاخىر بۇ دەۋراندىن چىقار.

ئەي جەۋان ئەبرەئي بابائى بەرف،
قىلما ھەرگىز فانىغە ئول زەرنى سەرف.

ئەي ئوغۇل بىر نەچچە پەند ئەيتاي ساڭا،
چىقسە ھەمىياندىن دەرەم كەلمەس يانا.

ھەر نەپەس ھۇشيارى بول ئەي ھەمنەپەس،
ئول دەرەم كىم چىققانى چىققان نەپەس.

ئۆمىر ئۆتكەي گويىيا سەر - سەر كەبى،
تىتراشور بىل جىسىم ئول ئەر - ئەر كەبى.

قىلماغاي ھەر ئۆمىر ئۆتكەي بولسا ئود،
نەزئى جان ۋەقتىدە قىلماس تەۋبە سۇد.

ھەر كىشىكىم بولسە گەر سىھھەت بەدەن،
ئۆمرى ئاندىك گويىيا باغۇ چىمەن.

ئەيتايىن جان تەمسىلىنى ئەي ئوغۇل،
بىكۈدۈرەت① قىل بۇ سۆزلەرنى قوبۇل.

ھەر خىيالۇ پىكىرلەر مېھمان ئېرۇر،
ئۆشبۇ مېھمانغە كۆڭۈل ئاۋان ئېرۇر.

ھەر كۆڭۈلدىن ھەر پىكىر خالى ئەمەس،
ئول سەبەبدىن مەرتىبە ئالى ئەمەس.

پىكىر گەر خەير دۇرۇر ئەيسا قىلۇر،
پىكىر گەر شەررى دۇرۇر تەرسا قىلۇر.

پىكرى سالىھ تەڭرى مېھماندۇرۇر،
پىكرى فاسىق مىكرى شەيتاندۇرۇر.

پىكرى خەيرى كىرسە گەر كۆڭلۈڭ ئارا،
بولغاي ئول سائەت كۆڭۈل ئەرشى ئەلا.

پىكرى باتىل كىرسە گەر كۆڭلۈڭ ئارا،
بولغاندۇر ئول كۆڭۈل تەھتەسسەرا.

كىرسە مېھمان ئۆيگە ئىستىغنار قىل،
نىكىگە شۈكرى، بەدكە ئىستىغنار قىل.

---

① بىكۈدۈرەت — دۇغسىز، داغسىز.

يىل ئاخىرى بولدى زىرائاتىڭ قېنى؟
ئۆمرىڭ ئاخىر بولدى تائاتىڭ قېنى؟

سېزد قىلماس ئەتلەسۇ كىمخاپلارىڭ،
بار دۇرۇر مەھشەردە كۆپ دادخالارىڭ.

ئۆتكەرۇر سېن ئۆمىر دائىم بى ئەمەل،
بى خەبەر يەتكەي ساڭا بىر كۈن ئەجەل.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
ئاھ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىلدە ئىشقىباز زادانلارنى ئەيتۇر

ھەر كىشىكىم دائىما گۇمراھىدۇر،
نەپس ئىلە شەيتان ئاڭا ھەمراھىدۇر.

ئۆرۈگەن يۈزنى خۇدا پەرمانىدىن،
قالغاي ئول نەۋمىد لۇتفى ئېھسانىدىن.

ھەر كىشىگە ناگاھ گەر پەرى رەسەد①،
تۇشمەش ئانى بويىنىغە ھەبلى مەسەد②.

يەر ھوسۇلدىن قالسە بولغاي شورلۇق،
شورلۇققە ھېچكىم ساچماس ئورۇق.

ئەي جەۋان چېھرىڭ بولگۇن گويا قەمەر،
قاردىساڭ ھەم چۈن بولۇبتور پوستى گۈلەر.

ئەي جەۋان قەددىڭ بولگۇن ھەم چۈن لەبان③،
يەتسە ناگا پەرلىغ بولغاي كامان.

بولسە باغ ئىچرە دەرەخت بى سەمەر،
باغبان قىلغاي ئانى زىرۇ زەبەر.

گەر كىشىكىم پەرى ھەم فاسىق دۇرۇر،
بىگۇمان دەۋزەختە ئول لايىق دۇرۇر.

مەركەب ئاقىباق، كۈن كېچە ۋە يول ئۆزۈن،
تۇرغالى يەر يوق نە ياتماققە ئورۇن.

---

① پەرى رەسەد — قېرىلىق يەتسە.
② ھەبلى مەسەد — خورما قوزىقىدا ئىشلىگەن ئاغامچا.
③ لەبان — دەرەخ ئىسمى.

دائىما نەپسكە راھەت ئىستەگدي،
ھەم يەنە ئەيشۇ پاراغەت ئىستەگەي.

نەفس ئىلە شەيتاننى دائىم شاد ئېتەر،
ھەر زامان ئىمانىنى بەرباد ئېتەر.

جەھد بىرلە بولسە ھەركىم ھەم قېرىن،
بولماغاي داناغە ئول ھەرگىز يېقىن.

بۇلسەلەر ھەركىمكى دانادىن يىراق،
ھېچ شەك يوق بولغاي ئاللادىن يىراق.

ئەھلى دانا مەشئەلى روھى زېمىن،
كىمدە مەشئەل بولسە تۇن خەۋفدىن ئېمىن.

كىمكى دانا بىرلە مەشئەللىق دۇرۇر،
كىمكى داناسىزدۇر مەشئەلسىز دۇرۇر.

بۇ جاھان گويا كى بىر يەلدار تۈنى①،
ھەچكىم بىلمەسكى داناسىز ئۈنى.

ئەي بىرادەر بولمە داناسىز بۈگۈن،
بولماغىل زىنھار مەشئەلسىز بۈگۈن.

---

① يەلدار تۈنى — بورانلىق كېچە.

گەر ئاڭا كىم قىلسا ئاللادىن كالام،
جانى چىققاي تەندىن ئول سائەت تامام.

ئەمرى ھەق يەتكەي ئاڭا شەمشىردىك،
جەھل غالىب بولغاي ئولدەم شىردىك.

ھەق رەسۇلنىڭ سۆزلىرى بىمار ئېتەر،
جەھل ئانى ئاقىبەت مۇردار ئېتەر.

تەڭرى پەرمانى ئانى ئاغرىق قىلۇر،
كارى شەيتانى ئانى چابىك قىلۇر.

تەڭرى فەرمانىغە ئول بىمارى سۇست،
نەفسىنىڭ پەرمانىغە چالاك - چۇست.

دۇنيادىن ئىشتىسە سۆز سىھھەت تاپار،
جانىغە ھەم قۇۋۋەتۇ راھەت تاپار.

ئول شەقى بەدبەخت، بەدئەختەر بولۇر،
روزى مەھشەر خەرسى ① دىن بەدتەر بولۇر.

ئۆتكارۇر ئۆمرىنى ئول غەفلەت بىلەن،
پەرۋەرىش نەفسىن قىلۇر لەززەت بىلەن.

---

① خەرسى — مايمۇن.

گەر كىشىنىڭ ئۆمرى بى دانا ئۆتەر،
ئول كىشىنىڭ چەشمى نابىنا ئۆتەر.

تىنىلىدۇر ئالەمدە داناسىز كىشى،
تابمىغاي رەۋنەق ئانىڭ ھەمە ئىشى.

ئەھلى دانا ئۆزنى مىن تىنا ① قىلۇر،
كور دىل بولغاننى ئول بىنا قىلۇر.

ئەمدى ئەيتاي ئانچە دانا ۋەسفىنى،
تۇتقايسەن يادىڭدە بۇ ئەۋسافىنى.

مەزھەبى دانانى قىلساڭ ئىختىيار،
مەزھەبى ئەيسانى قىلغىل ئىختىيار.

گەر كىشى بى قەيدىدۇر دانا دۇرزۇر،
ھىچ شەك يوقتۇركى ئول ئەيسا دۇررۇر.

ئەھلى دانالارنى بىلگىل ئەي ئىزىز،
جەھدىلە ئالغايسەن دانادىن لەزىز.

كىمكى دانا بولسە پەرھىز كارىدۇر،
باتىنى ھەر ۋاقىت پۇر ئەنۋارىدۇر.

---

① مىن تىنا — تۇپراقتىن.

ئەي ئوغۇل ئۆمرۈڭدە دانا بىرلە بول،
ئازمىغاي تۈن ئىچرە مەشئەل بىرلە يول.

قىلمىغاي نەفسىڭنى ئەسلا تەربىيەت،
ھەق رەسۇل پەرمانىنى قىلماس غەلەت.

ھەر كىشى داناغە گەر تابىئ دۇرۇر،
ئول كىشىنىڭ بەختى شەمس تالىئ دۇرۇر.

گەر كىشىگە بولسە دانالىغ نىسىب،
ئول كىشى تەڭرىغە بولمىشدۇر مۇھىب.

ئول شەھەركىم ئاندا بىر داناسى بار،
ئول قاراڭغۇدە دۇررى يەكتاسى بار.

ھەر كىشى داناغە گەر ۋاسىل بولۇر،
گۈنبىزى دەۋۋارە ئول داخىل بولۇر.

كىمكى دانا بولسە ئول ئەيسا بولۇر،
كىمكى دانا بولمىسە تەرسا بولۇر.

ئەي ئوغۇل بول دائىما دانا تەلەب،
قىلغاي ئول جەھلىڭنى دانا بىر تەرەپ.

كىمكى ئۆز ئالدىچە گەر پارسا بولۇر،
ئاقىبەت ئول شەيخى بەرسىسا ① بولۇر.

① شەيخى بەرسىسا — ئىلگىرىكى زاماندا ئۆتكەن نادان ئىشان.

يوق پاناھىم سەندىن ئۆزگە ئەي كەرىم،
يارچىغە رەھىم ئەتكۈچى سەن ـ سەن رەھىم.

فىسق ئارا يوقتۇر مېنىڭدېك ھېچكىم،
يەتتى دەۋزەخ مۈلكىمۇ ھەم مەنزىلىم.

ئەي خۇدا دەۋزەخنى بەر تەنھا ماڭا،
سەندىن ئۆزگە سىغماغاي ھېچكىم ئاڭا.

ھېچكىمى مەندەك ئاڭا لايىق ئېمەس،
چۈنكى كۆڭلۈم سۆبھىدېك سادىق ئېمەس.

گەر تۆمۈر زەنگارىدۇر ئانى نىتەر،
ئوتدە كۆپ كۆيدۈرسە زەنگارى كېتەر.

كەلمىگەي ئوتسىز تۆمۈر دەركارىغە،
پاك قىلغاي سالسە ھەم مۇردارىغە.

خوب كۆرەر زەڭسىز تۆمۈر خەردارىغە،
ھەم ئېلىپ كىرگەي ئانى بازارىغە.

مەن ئېمەسمەن ئەي خۇدا لايىق ساڭا،
تۈنۈ كۈن قىل يار ـ ياۋۇرلىق ماڭا.

ئۆمرۈم ئۆتتى نەفسىنىڭ پەرمانىدا،
يوق دۇرۇر سەندىن بۆلەك بىر رەھنەما.

ئەي بىرادەر زۆھدە ئۈچ تۈرلۈك بولۇر،
قىلماغىل بۇ زۆھدىغە ھەرگىز غۇرۇر.

ئاڭلاغىل بۇ زۆھدەنى ئەي پىرۇ جەۋان،
زۆھدە نەفسۇ، زۆھدە دىلدۇر، زۆھدە جان.

زۆھدە جان ئانداغكى فەرھىز كارىدۇر،
ئىككى ئالەم ئالدىدە مۇردارىدۇر.

زۆھدە ئەگەر دۇنيادۇر جەننەتلىك بولۇر،
زۆھدە دىل جەننەتدە ئىززەتلىك بولۇر.

زۆھدە جانغە گەر كىشى داخىل بولۇر،
تەڭرى دىدارىغە ئول ۋاسىل بولۇر.

زۆھدە جان قىلماقنى قىساڭ ئىختىيار،
بولغىل ئول شەمئىغە بول پەرۋانەۋار.

پادىشاھا بۇ ھىجاب چاھىدىن ئال،
تىزرەك ئوتدىن چىقار تا يولغە سال.

مەئنىيەت چاھىن ماڭا قىلدىڭ ۋەتەن،
ئۆشبۇ چاھدە ھاروتۇ ماروتۇ مەن.

زاھىرىم باشىدىن - ئاياغ ئۇچبۇ رىيا،
باتىنىم فاسىد خىيالغە مۇبتەلا.

ئەي خۇدايا نەچچە يىل سەندىن نارى،
تاپارۇرمەن سەرنەگۈن تەمتەسارى.

يوق ماڭا سەندىن بۆلەك دەريادەرەس،
قىلمادىم ئەمرىڭنى لايىق بىر نەپەس.

پەتىھ قىلغىل راست يوللارنى ماڭا،
كەشف قىلغىل بارچە مۇشكۈلنى ماڭا.

غافىلا ئۆمەر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئاھ بىرلە نالە قىل شامۇ سەھەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي دەريادلار.

## بۇ پەسلىدە ئەقلى كۆللى ۋە ئەقلى جۇزۋىنى ئەيتۇر

ئەي بىرادەر ئەقلى ئىككى قىسمدۇر،
ئەقلى كۆللى، ئەقلى جۇزۋى ئىسمدۇر.

دام، مىكرۇ ھىلەدە ئۇستادىمەن،
مەئسىيەت تەختىدە ھەم شەددا دىمەن.

بولمادىم بۇ نەفس شەيتانىدىن خالاس،
بولمادىم بىر سائەت ئىسيانىدىن خالاس.

ئاخىرەتدىن مەندە بىر ئەندىشە يوق،
جۇز سىيە روھلىقدىن ئۆزگە پىشە يوق.

سورسەلەر گور ئىچرە ئول ئىككى مەلەك،
يوقدۇر تۆھپەم يۈز قارالىقتىن بۆلەك،

قىلغانىم يوق تەڭرىنىڭ پەرمانىنى،
ئول ماڭا قەيدىن قىلۇر ئىنئامىنى.

يوقتۇرۇر سىدقۇ سافا كۆڭلۈم ئارا،
نى ھايايۇ شەرم نى ھىممۇ ۋاپا.

قىلمادىم ئىش خۇد پىسەنلىكتىن بۆلەك،
ھەم يەنە كۆپ ماۋۇ مەنلىكتىن بۆلەك.

بولمادىم خالى رىيادىن بىر نەپەس،
چىقمادى ھەق يادىدە مەندىن نەپەس.

قىلمادىم دەرگاھىدە لايىق سۇجۇد،
ھەم يەنە بىر ئاھ يا مەھۋى ۋۇجۇد.

ئاشىق ئەرمەس نەفسىنى كۆندۇرمەسە،
ھەق تەئالانى ئاڭا بىلدۇرمەسە.

كىمكى نەفسىن كۆندۇرۇر يا ئۆلتۈرۈر،
ئول كىشى ھەقنىڭ جامالىنى كۆرۈر.

ھەر قۇلىكىم خاجەسىنى شاد ئېتەر،
ئول قۇلىنى خاجەسى ئازاد ئېتەر.

كىمكى ھەقدىن ئۆزگىگە مۇشتاقدۇر،
ئول كىشىدىن ئىت - ئېشەك بەھراقدۇر.

ھادىيا يول بەر ھىدايەتدىن ماڭا،
بەرمەگىل بۇ خابى، غەفلەتدىن ماڭا.

مەن كەبى ئالەمدە بەد ئەفئال يوق،
مەن كەبى ئالەمدە بەد ئەھۋال يوق.

ئاچمادىم كۆز خابى، غەفلەتدىن زەمان،
بولمادىم بۇ نەفس نەمرۇددىن ئامان.

يوقدۇر سەندەك باز بىر قادىر خۇدا،
قىل مېنى بۇ نەفس قارۇندىن جۇدا.

چىقمادىم بۇ نەفسىنىڭ پەرمانىدىن،
جۆز-تۈمەن قىلدىم گۇنا خەرمانىدىن.

ئەقلى كۆل گوياكى قۇرسى ئاپتاب①،
ئەقلى جۇز كەمتەردۇر ئەز زەھرى شەھاب②.

ئەقلى كۆل گوياكى بىل دەريادا سۇ،
ئەقلى جۇزۋى گويىيا بىر قەترە سۇ.

مۇرغى ئاقىل دام دە دانە يېمەس،
دام دە دانە يەسە ئاقىل ئېمەس.

مۇرغى غافىل دانە يەر بويىندە دام،
گويىيا بۇ دام دۇنيادە ئەۋام.

ئەقلى كۆل بىر تۇتمىيىدۇر گويىيا،
بىر تاۋۇغدۇر ئەقلى جۇزۋى ئەي گىيا③.

پەرقى تۇتمىيۇ تاۋۇغ بىل ئەي ئەمەك،
دىۋ ئىرۇر تاۋۇغ، تۇتىمدۇر مەلەك.

ئاڭلا بۇ پەندىمنى ئەي سەۋدايى خام،
ئەقلى كۆلنى قىل قوبۇل ھەر سۇبھى - شام.

ئەقلى كۆلنى ئىستەسەڭ ئەيتاي دەلىل،
ئىككى ئالەم بولماغىل خارۇ زەلىل.

---

① قۇرسى ئاپتاپ — كۈننىڭ يۇملاق كۆرۈنۈشى.
② زەھرى شەھاب — پاللداپ كۆرۈنگەن چىچەك.
③ گىيا — ئادەم.

مەھۋە قىلغىل ئۆزىنى بۇ ئالەم ئارا،
پەستەكىل ئاندىن كېيىن ھەقدىن لىقا.

كىشمىكىم بادەدىن ھاسىل قىلالماس،
خۇدا دىدارىغە ۋاسىل بولالماس.

ئەي ئوغۇل ئول بادەدىن قىلغىل تەلەب،
بولماغىل ھېچ ۋەقت ئاندىن بى ئەدەب.

ھەق تەئالا ھازىرۇ نازىر① دۇرۇر،
ھەر غەزەب قىلسە ساڭا قادىر دۇرۇر.

ھېچ پوشىدە ئاڭا پىنھان ئېمەس،
ئەمدى كەل ھوشىڭگە ئەي بى ھوشى مەست.

ئەي ئوغۇل ئەيتاي ساڭا مەن بىر ئىلاج،
تېزرەك ئول خابى غەفلەتدىن كۆز ئاچ.

ھەرزامان ئول رەھنەما پىكرىدە بول،
تۇتمىيا قىل خاك پا كۆرگۈزسۈن يول.

ئەي ئوغۇل بول تېز زۇلمەتدىن بەرى②،
يول بېرۇر ئول بادەئى ۋەھدەت سارى.

---

① نازىر — قارىغۇچى.
② بەرى — بېزار.

مەئىبيەت تۇخۇمنى ساچتىم بەھساب،
ئۇل سەبەبدىن مەندە بار يۈزمىڭ قەماب[1]

ئۇل ھىجابلار بارچە زۇلمانى دۇرۇر،
سەرگىرانى ئەقلى ھەيرانى دۇرۇر.

ئۇل مۇھەممەد ھۆرمىتىدىن ئەي خۇدا،
ئۇل ھىجابنى ئەيلەگىل مەندىن جۇدا.

ئەي ئوغۇل ئۆزنى پەنا مۈلكىدىن ئال،
تېزرەك ئەمدى بەقا مۈلكىگە سال.

ئەي ئوغۇل قىل بادەئى ۋەھدەتنى نوش،
قىلماغىل پەرياد ئېتىپ ھەرگىز خورۇش.

ئەي ئوغۇل بۇ سىردىن ئىزھار ئەيلەمە،
تەگرى بەرگەن نەرسىنى خار ئەيلەمە.

بادە ئىچسە ھەركىشى لەيلۇ نەھار،
ماسىۋا سەۋداسى كۆڭلىدىن چىقار.

ئەي ئوغۇل قىل بادەغە جاننى نەسار،
چىقسۇن ئۇل كۆڭلىدەكى زەڭ ۋە غوبار.

---

[1] قەماب — يوشۇرۇش.

لوتنى ئېتىپ بىر بادەئى گۈلناردىن،
قىل جۇدا بۇ كۇفرىلە زۇننارىدىن.

خاراباتى ئەگەرچە ئاشىق ئەرمەس،
ئۈمىد ئۈزمەك سىنىڭدىن لايىق ئەرمەس.

گۇناھىدىن ئانىڭ ئالەم تولۇبدۇر،
ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇل ئۇنۇتۇبدۇر.

ئۆزگە كەلمەيىن دۇنيادىن ئۆتكەي،
ئۆزىنىڭ بىلمەگەنىن يەرگە يەتكەي.

كى بۇ لەۋۋامە ① نەفسگە بەندەدۇرمەن،
گۇنە بىسياردىن شەرمەندەدۇرمەن.

ساڭا ھەر يەردە يۈزمىڭ تەلەبكار،
ماڭا يوقتۇركى سەندىن ئۆزگە غەمخار.

ھەر كىشىكىم تالىبى دىداردۇر،
كۆڭلىدىن ھۇشيار، تۈن بىداردۇر.

بولغاي ئاندىن جامى ۋەھدەتدىن نېسىب،
ئىچكەي ئۇل مەيخانەدە ھەرۋەقت كىرىب.

---

① لەۋۋام — مالامەتقىلغۇچى.

ئەي ئوغۇل ئول بادەدىن ئىچمەك كېرەك،
غەيرى ھەقدىن شول زەمان كەچمەك كېرەك.

مەست بولۇپ ئانىڭ سارى بول مۇنتەزىر،
ئۆزنى قىلغىل بارچە كەملەردىن ھەقىر.

مەي ئىچىب-دەم ئۇرسە مەنلىكدىن ئەگەر،
مەي ئاڭا بەرمەس، يېتەر خەۋفى خەتەر.

مەھۋى بولغاندىن كېيىن مەي ئۆكسۈمەس،
بەر بەتۇ قانۇن ھەم نەي ئۆكسۈمەس.

كىم كۆتەرمەس مەينى ئول فەرياد ئېتەر،
ياخشى مەجلىسلەرنى ئول بەرباد ئېتەر.

قىلسە كىم گەر مەست ناشايستەكار،
ئول كىشى ئول دەمدە مەجلىسدىن چىقار.

مەستنى گەر سۆزى مەنلىكتىن چىقار،
شول زامان ئول ئۆزى مەرتىلىكنىن چىقار.

مەست بولمە ئۆزنى بىخۇد ئەيلەگىل،
مۇستەفا ۋە مەقنى خوشنۇد ئەيلەگىل.

ساقىيا ئول بادەدىن قىلغىل كەرەم،
ئاستانەڭ ئاستىدە قويدۇم سەرەم.

ھەر زامانى ئەيلەگىل نەيدىك نەۋا،
دەرد بىرلە سىنەدىن چىققۇن سەدا.

ئەي بىرادەر ئۆزنى ئۇريان ئەيلەگىل،
دەرد ئىلە باغرىڭنى بەريان ئەيلەگىل.

ئىستەگىلۇ، ئىستەگىلۇ، ئىستەگىل،
ئاجىزۇ بىچارەلىكنى ئىستەگىل.

ئاجىزۇ بىچارەلىك قىلغاي يېقىن،
جەھل بىرلە كىبرلىك بولغاي لەئىن.

ئاجىزۇ بىچارەلەر مەقبۇلى ھەق،
جەھل بىرلە كىبرلىك مەردۇدى ھەق.

ئەي خاراباتى مۇسۇلمان بولمادىڭ،
ئىشق مەيدانىدە جەۋلان قىلمادىڭ.

خود نامالىق دامى قىلمىش پىچەتاب،
تۈنۈ كۈن بۇ غەم بىلەن ھالىم خاراب.

غافىلا بول ئەقلى كۆلدىن باخەبەر،
بىخەبەر بولغان كىشى تاپقاي زەرەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

ئەي ئوغۇل قۇللۇقنى قىل مەي سارىغە،
سال قۇلاق ئاندىن كېيىن نەي سارىغە.

ئاڭلاسە نەينىڭ ناۋاسىنى قۇلاق،
ئىككى ئالەم خېلىمدىن بولغاي يىراق.

خەي ساداسى تەڭرىنىڭ ئىلھامىدۇر،
تالىبى ھەقلەرغە ھەق ئىنئامىدۇر.

ئاڭلاغىل نەي، نى ھىكايەتلەر قىلۇر،
ئول جۇدالىقدىن شىكايەتلەر قىلۇر.

ئول كۆنى ھەم جىنسىدىن بولغاي جۇدا،
تۈنۈ كۈن ئاندىن بىرى قىلغاي ناۋا.

ھەر زامانى جىنسىنى ئول ياد ئېتەر،
سەبرى تاقەت قىلمايىن فەرياد ئېتەر.

ئول جۇدا بولغاچ سەدا ئاندىن چىقار،
دەر ھەقىقەت ئول سادا جاندىن چىقار.

ئەي بىرادەر ئەسلىدىن ھوشيار بول،
جەھد بىرلە فەرئىدىن بىزار بول.

فەرئىدۇر ھەر نەرسە ئەسبابى جاھان،
تائىبنى بەرباد قىل بولغىل ئامان.

تەڭرى سالمەس سۈرەتى تائەتغە كۆز،
سالغۇسى كۆڭلۈڭ بىلەن نىيەتغە كۆز.

ئەي ئوغۇل سۈرەتنى قىل بىگانەۋار،
جان ئىمدا كۆڭلۈڭدە قىل مەردانەۋار.

ئەي بىرادەر ھەمدە ئىككى قىسىمدۇر،
ھەمدە كەسبى بىرلە ھەمدە كەشفىمدۇر.

گەر كىشىمدە بولسە ھەمدە كەسبىمدىن،
ھەمدە كەسبى ئارىيەت ئەي ھەم نەشمىن.

ھەر نىمە كىم ئارىيەت ھادىس دۇرۇر،
نى ئۈچۈن ئول نەرسە بى بائىس دۇرۇر.

ھەر نىمەرسە كەسبىدۇر ئالىم دۇرۇر،
كىمدە ھەمدە كەشفى بار ئادەم دۇرۇر.

بولمىسە كىم خۇد پەرەستلىكدىن يىراق،
ئول كىشىلەر ھەق پەرەستلىكدىن يىراق.

كىمكى بۇ ئالەم ئارا بىخۇد ئىرۇر،
ئول كىشىدىن تەڭرىسى خۇشنۇد ئىرۇر.

قىلماغىل خەلق ئەيىبنى بىر يەردە سۆز،
ھەر زامان سالغىل ئۆزەڭ ئەيىبىڭگە كۆز.

## بۇ پەسىلدە ئىشىق بىرلە نەفسىنى ئەيتۇر

ئەي خاراباتى سىپىنى بىدار ئېتەي،
ئىشقىدىن بىر نەچچە سۆز ئىزھار ئېتەي.

ئۆتتى ئۆمرۈڭ يەل كەبى ھۇشيار بول،
ئۇشبۇ ئالەم ئىچرە ماتەمدار بول.

ھەمۋى قىل ھەستلىكنى بۇ ئالەم ئارا،
بەلگۈرۈر كۆڭلۈڭ ئارا نۇرى خۇدا.

بۇ جاھان ھەركىم ئۆزدىن رەسۋا قىلۇر،
سەررى ھەق ئاندىن ساڭا پەيدا بولۇر.

ئول كۆڭۈلكىم ئاندە ئىشقى ئاللا يوق،
زەررەچە ئول كەسدە نۇرى ئاللا يوق.

ئۆمرى ئۆتكەي ئول كىشىنىڭ بىخەبەر،
ئىككى ئالەمدە خۇدا قىلماس نەزەر.

ئەي ئوغۇل بىز پەندنى كۆڭلۈڭ ئىچرە تۇت،
ھەر زامان فىنھان تىلىم خۇنابە يۇت.

كىرمادىم مەن نەردلەر مەيدانىغە،
تاتۇشۇبمەن مەئسىيەت زىندانىغە.

ئالمادىم ئىشق زۇمرەسىدىن بەھرىلەر،
مەئنىدىن يا ئەھلى مەئنىدىن خەبەر.

زاھىرىم تۇن، باتىنىم يەلدا كەبى،
فېئلىم گەبرو ھالىم ئول تەرسا كەبى.

بەندەلىك دەرگاھە تائەت مەندە يوق،
پەقىرلىكتە سەبرى تاقەت مەندە يوق.

تۈنۈ كۈن چەندانكى ئىسيان ئەيلەدىم،
فىسقىدىن بىر نەچچە خەرمان ئەيلەدىم.

ئاھ نەيلەي دىنۇ مىللەت مەندە يوق،
ئىشقى ھەق سارى مۇھەببەت مەندە يوق.

روزى شەب قىلماق گۇنە ئاددەت ماڭا،
كۆزۈ، تىلۇ، قول - ئاياق ئالەت ماڭا.

بىر نەپەسنى بى گۇنا ئۆتكەر مەدىم،
دىن ئۆيۈم ۋەيرانلىغىدىن بىتكەرمەدىم.

ھەر زامان ئۆمىر ئۆتەر مەستلىك بىلەن،
ئاقىبەت ئىشلەرنى بىلمەسلىك بىلەن.

پادىشاھا بارچىدىن بى ئەيىب سەن،
فاسىقۇ ئاسى ھەم پۈر ئەيىب مەن.

مەن كەبى ھېچكىمسە خاب ئالۇد ئېمەس،
ھېچ جان مەندىن يەنە خوشنۇد ئېمەس.

نەپس بۇ جىسمىمنى مەركەب ئەيلەدى،
فىسق ئىسيانىنى مۈرەككەب ئەيلەدى.

ھېچكىم يوقتۇر مېنىڭدېك شەرمىسار،
نەپسىنىڭ پەرمانى قىلدى خارۇ زار.

نەفس بولمەس سائىتى مەندىن جۇدا،
تۈنۈ كۈن ھىرسۇ ھاۋا پەرمانىدا.

ئاھۇ كىم بۇ تۈندە بىدار ئولمادىم،
ئۆمىر ئۆتكەندىن خەبەردار ئولمادىم.

مەئسىيەت تۇخۇمىنى ساچتىم بىھساب،
دىسە «مەن رەببەكە» ئانگا يوقتۇر جاۋاب.

نەفس قىلمىش دۇرۇر ئانى پەژمۇردە ھال،
يوقتۇرۇر جابدۇق بۇ يولدە قىلغۇ قال.

نەپس بىرلە يوق دۇرۇر ھالىم مېنىڭ،
ۋاقىبەت نى كەچكەي ئەھۋالىم مېنىڭ.

ئۆزنى بۇ زىنداندە غەمناك ئەيلەگەل،
گاھ بىرلە كۆزنى نەمناك ئەيلەگىل.

كىمكى بۇ ئالەم رىيازاتىدۇرۇر،
قىلغان ھەر فىئلى كاراماتىدۇرۇر.

خاھى جىننۇ خاھى ئىنسان بولسەمۇ،
خاھى كافىر، خاھ مۇسۇلمان بولسەمۇ.

بولسە ھەر مەقسەد رىيازەتدىن تاپار،
گەر ئىشىك بەنددۇر رىيازەتدىن ئاچار.

كارى باقىغە تەكەللۇب ئەيلەدىم،
فانىغە ئۆمرۈم تەسەررۇب ئەيلەدىم.

پادىشاھا قىل مىنى نەفسدىن خالاس،
راستلىق يولىدە قىلغىل ئەھلى خاس.

ھەر نۇچۇك ھەم بولسەمۇ بەختىم قارا،
قىلماغىل ئالدىڭدە ئول كۈن روسىيا.

گەرچە مەن دەرگاھىڭگە لايىق ئىمەس،
نى ئۈچۈنكىم ئەھلى ئارىنى دىن ئىمەس.

كىچە - كۈندۈز مەئسىيەت ئادەت ماڭا،
نى ئۈچۈنكىم نەفس ھەم سۆھبەت ماڭا.

رىزقى تەييىب①كە قانائەت مەندە يوق،
يەتسە خەيرىدىن سەرايەت② مەندە يوق.

ئۆتتى ئۆمرۈم ھەستىلىك دەئۋا قىلىپ،
باتىنىمدىن ھەتنى ناپەيدا قىلىپ.

بولمادىم خالى رىيادىن سائەتى،
يەتتى باغ ئۆمرۈمگە ئەمدى ئاپەتى.

تۈنۈ كۈن بۇ تەننى قىلدىم تەربىيەت،
راست يوللارنى ھەم قىلدىم غەلەت.

نەفس گويا سەگ دۇرۇر سەگبانى مەن،
مەئسىيەت دەرياسىنىڭ كەشتىبانى③ مەن.

ئۆمر ئۆتتۈپ كۆب خود پەرەستلىك ئەيلەدىم،
ئايۇ يىللار بۇد پەرەستلىك ئەيلەدىم.

ئەي خاراباتى سۆزخەن كۆتاھى قىل،
دىنۇ مىللەت سارى ئەزمى راھى قىل.

ئۇشبۇ پەندىمغە قۇلاق بەر ئەي ئوغۇل،
نىچە ئۆزرە ئېيغان ئاڭا بولمەس قوبۇل.

---

① رىزقى تەييىب — پاك رىزق.
② سەرايەت — تارقىلىش، تارقىتىش، ئۇنۇم، مەنپەئەتنى كۆرۈش.
③ كەشتىبان — كېمەچى.

تاكى بار بىر نەفەس ھەر جايىم مېنىڭ،
ھىچ شەك يوقتۇر تومۇغ جايىم مېنىڭ.

يوقتۇر جابدۇق يىراغە ھەسرەتدىن پۈلەك،
كۆپ پۇشايمانى نەدامەتدىن بۈلەك.

ئىشىم ئالەم قىلمادىم بىر ياخشى ئىش،
ياخشىراقدۇر بارچە مەندىن گاۋ①، مىش②.

ئۆمرۈم ئۆتتى چارىپادەك بى خەبەر،
سالمادىم گور ئەھلى سارىغە نەزەر.

سەن ئىشەنمە تەڭرىغە تائەت بىلەن،
پەرۋەرىش قىلدى سېنى نېئمەت بىلەن.

قىلما تائاتىڭغە رەھمەتنى ھەۋەس،
قەترەسىغە تائەتى ئۆمۈر ئەرزىمەس.

ھەر زامان بىر ۋەقتىمدىك سائاتى يوق،
ياخشى ئىشلارگە ئانىڭ ھاجاتى يوق.

يازنىڭ مېھرىدىن گۈلۈستان ئەيلەگەي،
قىشنىڭ قەھرىدىن زىمىستان ئەيلەگەي.

---

① گاۋ — كالا
② مىش — چاشقان.

مەن ئىرۇرمەن فىسقۇ ئىسيان قىلغۇچى،
نەفس ئانى تۈن - كۈن ماڭا قىلدۇرغۇچى.

يوق تۇرۇر ئالەمدە ھېچ سەنسىز نىمە،
قىلسە ھەر فېئىل يارى بەرگۈچى يەنە.

بارەھا سەھۋە - خاتا مەندىن دۇرۇر،
رەھمەتى فەزلۇ ئاتا سەندىن دۇرۇر.

ھەر گۇناھى بولسە ئول مەندىن بولۇر،
ئەفۇەيلە لوتفۇ كەرەم سەندىن بولۇر.

بولمادىم مەن نەفسدىن ھەرگىز خالاس،
ئول سەبەبدىن قىلمادىڭ خاس ئىچرە خاس.

ئەيلەدىڭ پەيدا نەجاسەتدىن مېنى،
مەن نۇچۈك خىشنۇد قىلغايم دۇر سېنى.

قىلماغىل گۇمراھ مېنى ئەي راھبەر،
نەفسدىن قۇۋۇەتنى ئال روھىمگە بەر.

رەھنەما سەن بارچەغە ئەي كىردىگار،
دائىما قىلغىل ئۆزۈڭگە ئىنتىزار.

قادىرا نەفسىمنى غالىب قىلماغىل،
خاھىشى نەفسىمگە تالىب قىلماغىل.

پىكرى قىل ھەر ئىشنى قىلماسدىن بۇرۇن،
مەسىيەت تۇخۇمىنى ساچماستىن بۇرۇن.

يوقتۇرۇر ئالەمدە نەفسىمدىن يامان،
ھېچ سائەت قىلمادى غەمدىن ئامان.

ئاھ نىلەي كۆز ئارا نەملەر قەنى،
ئاخىرەت ئەھۋالىدىن غەملەر قەنى.

ھېچ غەم يوق، غەمنى پەيدا ئەيلەگەن،
بۇ جاھان ھەر ۋەقتىدە رەسۋا ئەيلىگەن.

نەفس ئىلە ئىبلىس بىر ئەييار دۇر،
مىكرىدىن چەندان كەمەند تەييار دۇر.

مىنى مەھكەم قىلىبتۇر بۇ كەمەندە،
كىشى بولغايمۇ بىلگەي بۇ چىمەندە.

كېچە - كۈندۈز ھەمە ھالىم فەرىشان،
ھەمە قىلدىم گۇنەدىن نەچە خەرمان.

ئاجايىب نەفسدۇر قىلمىش مىنى خار،
ئانىڭ دامىغە بولمىش مەن گىرىپتار.

قويۇبدۇر دام ئالەمنىڭ يۈزىگە،
كۆرۈنمەيدۇ ئۆزى ئادەم كۆزىگە.

بۇ ۋەقت ئۆتمەسدە ئەمرىن قىل قوبۇل،
زىرائەت كەچ بولسە يوقتۇر ھوسۇل.

ئەي بىرادەر ئۇستەسەك ئىشق سىرىنى،
بىلمەگەي ھېچكىم سېنى، سەن ھەم ئەنى.

ئەۋۋەلەن ئۆزنى بەنا مۇلكىدىن ئال،
ھېچ شەك يوقتۇركى كۆرگەيسەن جامال.

قىل ھالاك نەفسىڭنى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
ئەرشنىڭ ئاستىدە تابقايسەن ئورۇن.

ئەي خاراباتى ئۆلۈم ۋەھمىدە بول،
قورقساڭ ئاندىن ئانىڭ ۋەھمىدە بول.

## بۇ پەسلدە كۆز ئاچىب بىر رەھبەرنى ئىزلەمەكنى ئەيتۇر

ئەمدى مەن بۇ نەفسنى غەيبەتلەر قىلاي،
ئۆز قۇلاقىمغە نەسىيەتلەر قىلاي.

قەسدى بىرلە سەن ئەگەر قىلساڭ گۇنا،
كۆچكۈسى كۆڭلىڭدىن ئول سائەت خۇدا.

ئىشق ئوتىغه گەر سەمەندەر بولسەمۇ،
ئادەم ئىچرە گەر ئىسكەندەر بولسەمۇ.

نەفس گويا ئىللەتۇ رەھبەر تىبىب،
كىمدە ئىللەت بولسە ئول ئىستەر تىبىب.

بولمە ئۆز ئالدىڭچە نەفسكە روبىرو،
قىلغايسەن رەھبەرنى ئەۋۋەل جوستىجو.

رەھبەر ئولكىم نەفسدىن بولغان خالاس،
باشلاغاي يولنى ساڭا ئول ھەقشۇناس.

دەمادەم غەللە ـ غەشنى ئەيلە تاراج،
ھەنىييەت① نى ئۆزۈڭدىن ئەيلە ئىخراج②.

گەر كىشىدە بولسە ئەندىك كىبرىدىن،
پەرقى يوقدۇر ئول كىشىنىڭ گەبرىدىن.

نېچە كىبرى نەفسدىن ھاسىل ساڭا،
ئىككى ئالەمدە خۇدا باقماس ساڭا.

بەندەنىڭ، ھەقنىڭ ئاراسىدە ھۇجۇب②،
كىبرىدىك يوقتۇر يەنە ئەي مەردى خوب.

---

① ھەنىييەت — ئارزۇ.
② ئىخراج — چىقار.
③ ھۇجۇب — پەردە.

تىلسىمدۇر ئاجايىپ بۇ تىلسىمات،
ھەزەر قىلغىل ئانىڭدىن ئەي خارابات.

ئانىڭدە يوقتۇر بويى مېھرىبانلىق،
بولاردىن ئىستەمە سەن كامرانلىق①.

ساڭا مېھر ئىلە گەر قىلسا تەقەززا،
سېنى بەند ئەيلەب ئول قىلغاي تاماشا.

تىلىم سەندەككە قىلغاي بى ۋاپالىق،
ئېسىڭدە يوقتۇر بويى ئاشنالىغ.

نېچە مەردلەرنى نامەرت ئەيلەگەن ئول،
ھەمە باتىل سارى ئول باشلاغان ئول.

بۇ دەھرى ئەچرە ئانىڭ سەۋداسى بىسيار،
قىيامەتدە ئانىڭ غەۋغاسى بىسيار.

كەل ئەي ئاقىل ئانىڭدىن سەن يىراق بول،
تىلە ھىممەتنى ئىنتىن ياخشىراق بول.

تاپىب رەھبەرنى قىل ئالدىدا خىزمەت،
تاپارسەن ئىككى ئالەم ئىچرە ئىززەت.

---

① كامرانلىق — مەقسەتكە يېتىش.

قىلماغاچ ئادەمنى شەيتاندىن جۇدا،
ئۇنۇ كۈن بولمايدۇر ئىسياندىن جۇدا.

ھېچ پەردە يوقدۇر كىبىردىك ئەزىم،
كىبرى بىرلەن پاك بولماس ھېچكىم.

ھەر كىشىكىم ئۆزنى ناپەيدا قىلۇر،
ئاندىن ئول ھەق سىررىنى پەيدا قىلۇر.

گەر كىشى ئول بادەدىن نوش ئەيلەمەس،
ماسىۋاللانى پارامۇش ئەيلەمەس.

ئەي ئوغۇل ھەق مەھرىنى كۆڭلۈڭدە تۇت،
دۇنيا ماتەمانى كۆڭلۈڭدىن ئۇنۇت.

ئىستابان ئول بادەنى قىل ئىزتىراب،
تەلمەدىك يىغلاپ ئاڭا قىلغىل شىتاب.

گىريە قىل بىسيار ئەز بەھرى خۇدا،
قىلماغىل زىنھار ئەزرويى رىيا①.

ئەي بىرادەر كۆزنى كۆپ غەمناك قىل،
شىركى چىركىدىن كۆڭۈلنى پاك قىل.

① ئەز رويى رىيا — رىيا جەھەتىدىن.

كىبىرنى، تەرك ئەيلەگەن سادىق بولۇر،
شول زامانى تەڭرىگە لايىق بولۇر.

روىي ئالەم دامىدىن خالى ئېمەس،
ئول سەبەبدىن مەرتىبە ئالى ئېمەس.

بولمادىم نەفسىدىن خالاس ھەر سۇبھى - شام،
قويدى ھەربىر ھىيلەئى تەزۋىر دام.

يوقتۇرۇر نەفسىمدە ئول شەرمۇ ھايا،
ھېچ دىۋ يوقدۇر ئانىڭدېك روسيا،

ئاھ نىلەي سېھىر ئىلە جادۇسى بار،
قوللارىدە نىش ئىلە ئاغۇسى بار.

ھەم جاراھەت بىرلە ھەم مەرھەم قىلۇر،
ئۆزىگە ئادەمنى ئول مەھرەم① قىلۇر.

بار تۇرۇر چەندان ئانىڭ ئەفسۇنلارى،
دىۋ ئانگا تابەدۇر ھەم جىننۇ پەرى.

ئەي خۇدايا قىلماساڭ رەھمەت نەزەر،
يوق دۇرۇر غەيرى ئەز سېنىڭدەك راھبەر.

ھەر نەكىم قىلدىڭ ئۆزۈڭ قىلدىڭ يانا،
مەن نۇچۇك لايىق سانا ئەيتاي ساڭا.

---

① مەھرەم — ھەمرا.

ساقى ئۇلدۇر قىلسا ھەركىم مەھۋى زات،
ئالسا ئاندىن مەرھەمى ھەر مۇمكىنات①.

ئول كىشى يۇ يەردە بولغاي مەيپەرەست،
مەي پەرەستۇر بەلكى مەستۇ ھەقپەرەست.

ئىچكۈسىدۇر مەينى ئىستىغناتىچە،
مەست بولغاي تا ئانى مىنادىچە②.

ھەم سۇراھى③ كاسەنى ھەم جىنسى روھ،
بولغاي ئول سائەتدە كۆڭلىگە فۇتۇھ.

ئول سۇراھى مەيدىن ئولغاي جامىدىل،
ساغىرۇ پىيالە، جام، نامىدىل.

گەر كىشىنىڭ جانى ۋەھدەتدىن بولۇر،
ئول كىشىنىڭ زاتىيۇ بىدەرد بولۇر.

گەر كىشى ئول بادەغە مەمنۇن بولۇر،
ئول كىشى دىۋانە ۋە مەجنۇن بولۇر.

ئەي ئۇغۇل ئول شەرئى گويا كاسەدۇر،
ئول تەرىقەت كاسەدىكى بادەدۇر.

---

① مۇمكىنات — ئىمكانىيەت.
② مىنادىچە — ئۆز ھالىغە لايىق.
③ سۇراھى — قاچا.

ياش ئەگەر كۆپ بولسە هال پەيدا بولۇر،
كۆلكى گەر كۆپ بولسە قال پەيدا بولۇر.

ئەي بىرادەر قال غەمدەندۇر بىلدىڭ،
خەندە بىرلە قالدىن پەرھىز قىلدىڭ.

هال گويا بادەئى ھەمرا دۇرۇر،
ھەر كىشى نۇش ئەتسە گومرا دۇرۇر.

قەترەئى ياش ھەر ئىبادەتدىن ئۇلۇغ،
كۆپ چىقارسە كىم ئانى كۆرمەس تىرىغ.

ئەي ئوغۇل كۆڭلۆڭدە، تۇتغىل بۇ سەبەق،
چىقسە دائىم ياش ئولدۇر قەربى ھەق.

قورقۇبان چىقسا ئەگەر كۆزدىن ياشى،
ئول ياشدۇر بارچە تائەتنىڭ باشى.

## بۇ پەسىلدە مۇھەببەتنىڭ مەستلىكىنى ئەيتۇر

ئاڭلا ئەي مەست شارابى مەئرىپەت،
تاقىلاي مەيخانىدە مەيدىن سۇپەت.

ئالىمى ئىشق ئەي ئوغۇل مەيخانەدۇر،
ئول شاراب ئەقلى كۆل دىۋانەدۇر.

ئاھۇ كىم جان بارماسە جانان سارى،
سەرنەگۈن بارغاي ئۇ جان تەھتەسسارى.

كەلمەدى يادىمغە ھەرگىز يادى ھەق،
ئول سەبەبدىن مەنزىلىم چاھى فەلەق①.

يوقتۇر لايىق تۆھپەئى ئول شاھىگە،
مەن نەدەپ بارغۇمدۇر ئول دەرگاھىگە.

جانە تازە ئىشقىدىن نوش ئەيلىگەن،
ماسىۋىللانى پاراموش ئەيلىگەن.

خالى بول ئىككى جاھان سەۋداسىدىن،
كۆز تۇتۇب تورغىل كىرەم دەرياسىدىن.

سالمە زىنھار ياخشى ئەئمالىڭغە كۆز،
دائىما سالغايسەن ئۆز ئەيىبىڭگە كۆز.

مەھۋە قىل ھەستلىكنى بۇ ئالەم ئارا،
بولمە ئول مەيخانىدىن ھەرگىز جۇدا.

خالىقا ناپاكىدىن ناپاكى مەن،
ئەۋۋەلۇ ئاخىرىدا مۇشت خاكىمەن.

---

① چاھى فەلەق — قۇدۇق، ئازگال.

ئەي بىرادەر بارچەدىن كەچمەك كېرەك،
كاسەدىن ئول بادەنى ئىچمەك كېرەك.

مەي تەلەب قىلساڭ ئانىڭ ئەمردىن قىلغىل،
ئەي ئوغۇل ساقى مۇھەممەددۇر بىلگىل.

ھەر كىشكىم بولمىسە تابە ئاڭا،
مەي مۇيەسسەر بولماغاي ھەرگىز ئاڭا.

بامىسالى شەرئى بىر مەيخانەدۇر،
كىرمىگەن مەيخانەگە بىگانەدۇر.

ئەي ئوغۇل ساقىغە قىلغىل جان نەسار،
گويىيا شەمئىغە بول پەرۋانە ۋار.

ئەي ئوغۇل بول ساقىنىڭ پەرمانىدە،
بادەنى بەرگەي ساڭا ئول چاغىدە.

ئاھۇ كىم كۆڭلۈم ئۆيىن پاك ئەتمەدىم،
قەھرى ھەقدىن كۆزنى نەمناك ئەتمەدىم.

بولمادىم بىر سائەت ئىسياندىن جۇدا،
چىقمادى زەنگار كۆڭلۈمدىن سادا.

ئۇشبۇ يولغە تۇشەئى راھىم قەنى،
لاماكان شەھرىغە ھەمراھىم قەنى.

نەفسىنىڭ ئەمرىنى قىلدىم تېز - تېز،
ئالمادىم ئول بادە ① ئىشقىدىن لەزىز.

ئۆتكۈدېك جانىم جاھاندىن كۆرۈكەر،
ئالمايىن ھىچ ئەھلى دانادىن خەبەر.

بولمادىم شايىستە ھەرگىز سۇبھۇ شام،
چاھى زۇلماتىدە قالمىشمەن مادام.

كەلمەدىم ھەرگىز ھوشۇمغە روز - شەب، ②
يوقتۇرۇر ئالەمدە مەندېك بى ئەدەب.

نەفس دائىم تېز رەفتار ئەيلەدى،
مىكر . دامىغە گىرىپتار ئەيلەدى.

ئۆزلۈكۈمدىن بولمادىم نەفسدىن سەۋا، ③
نەفسدىن يارەب ماڭا بەرگىل پەنا.

ئۆتتى ئۆمرۈم مىكرۇ ئەييارلىغ بىلەن،
ھىلە ۋە تەزۋىرۇ ئەييارلىغ بىلەن.

سىدقۇ ئىخلاس ئىلە ئىقرار ئەتمەدىم،
دىن بىلە مىللەتنى ئىزھار ئەتمەدىم.

---

① بادە — شاراپ، مەي.
② روز - شەب — كېچە - كۈندۈز.
③ سەۋا — باشقا، بۆلەك.

ئېيغالى لايىق سەنا مەنكىم سېنى،
مەن نىجىس بىر قەترەئى ئابى مەنى.

پادىشاھا قىلمادىم ئىش بى رىيا،
بولمادى زەنگار كۆڭلۈمدىن جۇدا.

بۇ سىيەدىل ئەسلى روشەن بولمادى،
باغ مەقسۇدۇمغە گۈلشەن بولمادى.

گەر كۆڭۈلگە بىھۇدە غەملەر يېتەر،
رەندىئى مەستىيۇ① دەرۋىشلىك كېتەر.

يۈز تۈمەن باشىمدا زۇلماتى ھىجاب،
نەفسى شەيتان بىرلە ئەھۋالىم خاراب.

ئۆتتى ئۆمرۇم فىسق ئىلە سەھۋە ـ خاتا،
كۆز تۇتارمەن تەڭرىدىن لۇتفۇ ئاتا.

ئاھ ئىلەي سەبرۇ تاقەت مەندە يوق،
دەردى سۆزۈ ھىچ تائەت مەندە يوق.

مەن ئېمەسمەن ئۇشبۇ جىسمىمدىن رىزا،
نى ئۈچۈنكىم تەڭرى مەندىن نارىزا.

---

① رەندىئى مەستى — مەستلىك كېتىدۇ.

بولماغاي ھېچ ۋەقت ھۆكمى تەڭرى رەد،
ئېيدى تەڭرى: «ئىننەل ئىنسانەفى كەبەد»①.

ئادەمى ھەر دائىم ئەمگەك ئىچرەدۇر،
نەفسىنىڭ كامى②نى بەرمەك ئىچرەدۇر.

ئۆتتى ئۆمرۈم تېز بىكارلىغ بىلەن،
كېچە يۇ كۈندۈز زىيانكارلىغ بىلەن.

بىر - بىرلەرىگە قىلۇرلەر دەردۇ ئەلەم،
ھەم قىلۇر جەۋرى جاپا زۇلمى سەتەم.

ئەي ئوغول كۆڭلۈڭدە تۇت بۇ ياخشى پەند،
ئاسىلار گۈرگى③ ئولدى، مۆئمىن گوسفەند④.

بىر - بىرلىرىنى ھەمە قەسدىدەدۇر،
تىغ زەھەر ئالۇد دەستىدەدۇر.

تۈن - كۈن ئوغلى ئاتاغە مۇددەئى،
ھەم قىياس دوختەر⑤ ئاناغە مۇددەئى.

---

① ئىننەل ئىنسانەفى كەبەد — ئىنسان دائىم مېھنەتتەدۇر.
② كامى — مەقسىدى، ئارزۇسى.
③ گۈرگى — بۆرى.
④ گوسفەند — قوي.
⑤ دوختەر — قىز.

مەن كەبى دەۋزەخكە لايىق يوق يەنە،
بەرمىگىل ھەرگىز جەھەننەمدىن يەنە.

غافىلا ئۆمەر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
دەرد بىرلە يىغلاغىل شامۇ سەھەر.

مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.

## بۇ پەسىل خاتىمەدە تارىخ بايان قىلىنۇر

نى ھىساب ئەيلەدىم كى تارىخغە،
مىڭ ۋە يۈز يانە قىرىق ئالتىغە.

قىلغۇلۇق شەرئىنى كىتاب ئەتتىم،
بىلمەگەنلەرغە مەن خىتاب ئەتتىم.

گەر خاتا ئۆتسە مەندىن ئەي ئالىم،
رەھمە ئەيلە، لوتفى قىل كۆرۈپ ھالىم.

تا كىرەم بەخشى① تەڭرىدۇر غەم يوق،
ھەرنە قۇدرەت ئانىڭدە كۆڭلۈم توق.

---

① بەخشى — بەرگەك، بېرىدىغان.

نەفس شەيتاندۇر دەۋام ھەم سۆھبىتىڭ،
كەتتى سەندىن دىن بىلە ھەم مىللىتىڭ.

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر بىر پاكى ھەلق،
بارچەنى ئالودەدۇر ناپاكى ھەلق.

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر شەرمۇ ھايا،
ھېچكىم بولمەس بىر - بىرىدىن رىزا.

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر مېھرۇ ۋاپا،
بىر - بىرالەرىغە قىلۇر جەۋرۇ جاپا.

بى خەبەردۇر بارچە ھەقنى ئەمرىدىن،
ھېچكىم قورقمايدۇر ھەقنى قەھرىدىن.

ھەمە مەنلىك بىلەن قىلغاي تەكەببۇر،
ئۆزىنى ئەسلىنى قىلماس تەپەككۇر.

خالى ئەرمەس ھېچكىم ۋەسۋاسىدىن،
پاك ئەرمەس كۆڭلى ھەم خەنناسىدىن.

كىمدۇر بۇ ئالەم ئارا دىۋىنسىز كىشى،
ھەرنە مەشغۇلاتى ئول دىۋنى ئىشى.

ھېچكىم شايىستەئى دەرگاھ ئېمەس،
ئاخىرەت ئەھۋالىدىن ئاگاھ ئېمەس.

ئەي دەرىخا بارچە غەپلەت ئىچرەدۇر،
دائىما كۇفرى زەلالەت ئىچرەدۇر.

ھېچكىم قورقماس كىشىنى ھەققىدىن،
يادىغە كەلمەيدۇ ھەققىنى قەھرىدىن.

خا غەنىيۇ، خا گادايۇ شاھ ھەمە،
خا شەيخۇ، خا سوفىيۇ موللا ھەمە.

خاھى قازى، مۇفتى، خاھى مۇھتەسىب①،
ئىستەمەس ھەرگىز ھالالىدىن نەسىب.

ئەي بىرادەر تۇت بۇ پەند يادىڭدە ياد،
ھېچكىم ئانى قىلالماسدۇر گۇشاد.

كىم بىرادەر ھەققىدىن يەريا ئىچەر،
ئول كىشىنىڭ كۆڭلىدىن گۆھەر كېچەر.

كىيسە كىشىنىڭ ھەققىدىن ھەر كىم لىباس،
كەيدۇرۇر مەھشەر كۈنى ئوتتىن لىباس.

ھېچكىم يوقدۇركى غەيبەتتىن يىراق،
ھەم بىراۋ شىركۇ ئاداۋەتتىن يىراق.

① مۇھتەسىب — ھېساب قىلغۇچى، تۇسقۇچى، ئەنئى قىلغۇچى، ساقچى-

ھىچكىم يوقدۇركى غەيبەتدىن يىراق،
ھەم ھەسەد بەغزۇ① ئاداۋەتدىن يىراق.

يوق تۇرۇر بۇ ۋەقتدە تائەتى خاس،
كىبىرسىز يوقدۇركى بولغاي يارى خاس.

بارچە ھالى پىتنەيۇ تەزۋىردام،
ئۆتكەرۇر غەفلەتدە ئۆمرىن سۇبھى - شام.

ئەھلى دۇنيانىڭ نىچە ئاداتى بار،
سۆزەن② دۇنياغە مەشغۇلاتى بار.

ئېيتايىن ئول پىرى زەننىڭ دەستىدىن،
تا خالاس تاپقايسەن ئانىڭ بەندىدىن.

يوق دۇرۇر ئانىڭدە ھىچ شەرمۇ ھايا،
زاھىرى رەئنايۇ ھەم گۈلگۈن قابا③.

بىۋاپا مەككارۇ ھەم ئەييارىدۇر،
نازۇ ئىستەغنا④سى ھەم بىسياردۇر.

---

① بەغزۇ — ئاداۋەت، ياماڭ كۆرۈش.
② سۆزەن — كۆيۈش.
③ گۈلگۈن قابا — گۈللۈك تون كىيگەن.
④ ئىستەغنا — ھاجەتسىزلىك.

بۇ زامان قاچماس ھارامدىن ھىچكىم،
ئادىمىغە بۇ دۇرۇر ئەيىب ئەزىم.

قىلماسە فەرھىزلىك نىيەتغە يول،
ھىچكىمنى تائەتى بولماس قوبۇل.

ساقلامەس ھىچكىم ھارامدىن ھەلقىنى،
ئول سەبەبدىن ئول خۇدانى دۈشمەنى.

بارچەلەرنى نەفسى غالىبدۇر ھەمە،
فىسق ئىلە ئىسيانغە راغىبدۇر ھەمە.

بولسە ھەر كىمدە ھارامدىن بىر دەرەم،
روزى مەھشەر ئۆكسۈمەس ئاندىن ئەلەم.

بارچە ھالى گورگى رەۋ باھلىغ بىلەن،
ئۆتكەرۈر رەسۋايۇ گۆمراھلىغ بىلەن.

ئىستامايدۇر ھىچكىم رىزقى ھالال،
ھىچكىم ئىمانى تاپمايدۇر كامال.

ھىچكىم تائەتى بولمايدۇ قوبۇل،
ھىچكىمدە پاك يوقدۇر بىر كۆڭۈل.

مەنپەئەت يوقدۇر ئانى تائەتىدە،
ھۇشىغە كەلمايدۇر ھىچ سائەتىدە.

دائىم ئۇل ئادەم بىلەن سەۋدا قىلۇر،
ئەقلۇ - ھۇشىنى ئېلىپ رەسۋا قىلۇر.

پەرىزەن دامىدە بۇ ئالەم يۈزى،
چىقماس ئۇل ھېچۋاقىتدە ئادەمدىن ئۆزى.

ئۆلمە گۇنچە ھېچكىم بولماس خالاس،
ئاڭلاغىل بۇ پەندىنى ئەي ئامۇ خاس.

ھەققە ئۇل پەرىزەن ئۆمرىنىڭ ئالۇر،
جەمى ئەسباب ئىماراتىنىڭ قالۇر.

ئەي ئوغۇل ئۇل پەرىزەن كۆڭلۈڭدەدۇر،
قىلدۇرۇر دائىم ساڭا فىسقۇ فۇجۇر.

تېز ئۇل مەككارىنى ئۆيدىن چىقار،
ئۇل زامان زەنگار كۆڭلۈڭدىن چىقار.

ئەي بىرادەر ئۈزگەيسەن ئاندىن ئۈمىد،
بولغاي ئۇل ۋەقت شەمئ ئىمانىڭ پەدىد.

ئۈزسەلەر ھەر كىم ئۈمىد فانى بولۇر،
ئۇل زامان ئەيسائى روھانى بولۇر.

خالى قىلغان ئۆزنى ئۆلتۈرمەك دۇرۇر،
نەفسىنى ئىمانغە كۆندۈرمەك دۇرۇر.

سېپىرى بىرلە جادۇغە ئۇستادىدۇر،
غەمزەسى جويىندەغە دىلشادىدۇر.

قول قىلىبدۇر بارچەنى ئەفسۇن بىلەن،
پەرۋەرىش ئەيلەبدۇر ھەم ئەفيۇن بىلەن.

زاھىرىدە قەندىدىك گوفتارى① بار،
باتىنىدە تىغ زەھەر ئالودى بار.

ئەۋۋەلى ھەر كۈن ئاڭا شېكەر بىرۇر،
ئاخىرى بىر كۈن ئاڭا زەھەر بىرۇر.

ئەۋۋەل ئول ھەر كىمگە بەرگەي سىمۇ زەر،
ئاخىرى بىر كۈن ئاڭا بەرگەي زەھەر.

رام ئېتەر ئول كەسنى ئول مۇردارىغە،
ئاخىرى بىر كۈن چىقارغاي دارىغە.

يوق دۇرۇر ئول پىرە زەندېك ھىلەگەر،
يۈز تۈمەن مىڭ ئەرگە ھەر سائەت تېگەر.

ئۆتتى ئۆمرۈڭ تۈن - كۈن ئانىڭ قەستىدە،
ئول ھەمىشە ئەقلى جانىڭ قەسدىدە.

---

① گوفتارى — سۆزلىرى.

## مەسنەۋى خاراباتى

ئاپتورى: مۇھەممەت يىمىنى ئابدۇللا خاراباتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن سابىت

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئايىخان

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787 × 1092 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 8.25، قىستۇرما ۋاراق: 2

1985 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى

1986 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 11200

---

كىتاب نومۇرى: 10264—61 باھاسى: 0.64 يۈەن

کىم چىقارماس كۆڭلىدىن نەمرۇدىنى،
ئىككى ئالەم كۆرمەس ئۇل مەئبۇدىنى.

هەر كىشىكىم بولمەسە ئاندىن خالاس،
بولمەغەي ئۇل تەڭرى دەرگاهىدە خاس.

نېچە كىم بولساڭ ئىگەر سەن روسىيا،
قىل ئېتىنىڭ خاكى پايىن تۇتىيا.

تابتى جىسمىڭ تەربىيەت بۇ خاكدىن،
بەهرى ئالماق ئەقلۇ پەم، ئىدراكدىن.

ئەي ئوغۇل جىسمىڭنى قىلدىڭ پەرۋەرىش،
قىلمادىڭ رەهبەر تەلەب هىچ يازۇ قىش.

ئۆتتى ئۆمرۈڭ بەهۇدە سەۋدا قىلىپ،
بەندەئى هەقمەن دىبان غەۋغا قىلىپ.

ئەي ئوغۇل بىرنەچچە پەند ئېيتاي ساڭا،
خالى قىل كۆڭلۈڭنى پەنددىن ئال ئاڭا.

غافىلا ئۆمرىڭ ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
هەلقىڭنى پاك ئەيلەگىل شامۇ سەهەر.

مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭلۈڭنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

بۇ كىتاپقا 17- 18- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى خاراباتىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت، ئادالەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى مەدھىيىلەپ، زۇلۇم - ئوقۇبەت، تەڭسىزلىك، ئاچكۆزلۈك، ئالدامچىلىق ... نى پاش قىلىپ يازغان شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

بۇ كىتاپ تاشكەنت ياكلوۋ مەتبەسىدە بېسىلغان (ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) «مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق كىتاپقا ئاساسەن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى.

本书选入了17—18世纪著名维吾尔族诗人哈拉巴提部分诗词。这些诗词松扬进步和正义，主张爱国，揭露黑暗及压迫，鞭打不平等与欺诈。

此版以塔什干牙克落夫版本（日期不明）为依据。

# 哈拉巴提诗集 （维文）

（古　籍）


穆哈穆德·阿布都拉·哈拉巴提著

整理者：艾孜则·沙比提

责任编辑：托呼提·阿布汗

喀什维吾尔文出版社出版

新 疆 新 华 书 店 发 行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米　32开本　8·25 印张　2 插页

1985年10月第1版　1986年8月第1次印刷

印数：1— 11200

统一书号：M10264—61　定价：0·64 元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: جۇمە ئابدۇللا

نومۇرى: 61 — 10264

باھاسى: 0.64 يۈ

2